سىما چيەن، بەن گۇ

# «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى»
# «خەننامە. ۋۇيى چىك، خوچۇيىك تەزكىرىسى»

(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي - تەتقىقات باشقارمىسى
24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە
قىلىش، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى

1983 - يىل ئىنۋار

# كىرىش سۆز

24 تارىختا ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ناھايىتى مول ماتېرىيال-
لار بار. بۇ ماتېرىياللار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ سىستېمىلىق ھۆججەت خاراكتېرلىك
ماتېرىياللاردىن بىرى. جۇڭگو ئالىملىرى ۋە چەتئەل ئالىملىرى-
نىڭ ھەممىسى دېيەرلىك بۇ ماتېرىياللارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بەرمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن 24 تارىخنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تۈنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىنتايىن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە
خىزمەت. ئۇ ئېلىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا
ئىجابىي ھەسسە قوشقۇسى.

بۇ خىزمەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ
ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 1981 - يىلى ئىيۇندا 24 تارىخ-
نىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەپ
تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇردى. بىر مەزگىل ھازىرلىقتىن
كېيىن، مەكتەپ ئىچى ۋە تېشىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى
تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن «تارىخنامە»، «خەننامە»، «كېيىن-
كى خەننامە» ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك 22
پارچە، تەخمىنەن 100 مىڭ ھەرپچە كېلىدىغان تەزكىرە خاتى-
رىلەرنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇردى. ھازىر بۇ تەرجىمە ئاساسەن
قولدىن چىقىپ تەھرىرلەش ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ.

بۇ خىزمەت ئاددىيلا يېزىق تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى چوڭ-
قۇر، كەڭ، تەتقىقات خاراكتېرىغا ئىگە خېلىلا مۇشكۈل خىزمەت-
تۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبىمىز كەم، خىزمىتىمىزدە جىددىي
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. تەرجىمە ۋە تەھ-

ۋىرلەش ساپاسىنى ئېشىمۇ ئۇستۇرۇش ئۈچۈن «تارىخنامە»دىن
«پەرغانە تەزكىرىسى»، «خەننامە»دىن «ۋۇبى چىلىك، خوچۇيىلىك
تەزكىرىسى»نى باستۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداشلىرىمىزنىڭ
پىكرىنى ئېلىش، ئىشلەش ئۇسۇلىمىزنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى
مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى قىسقىچە
تونۇشتۇردۇق.

بۇ مەزگىلدىكى خىزمەت جەريانىدا، قەدىمقى خەنزۇ تىلىدا
يۈز بەرگەن بەزى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئانچە قىينالمى-
دۇق. ئەمما ھېروگلىفلارنى ئوقۇشتا ئەمەل، يەر، مىللەت،
خانلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش ھەم ئۆز
دەۋرىدە مەلۇم بىر قېرىنداش مىللەتنىڭ تىلىدىن خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىنغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇشتا قىيىن-
چىلىققا دۇچكەلدۇق.

ھېروگلىفلارنى ئوقۇشتا قەدىم ۋە ھازىر چوڭ ئۆزگىرىشلەر بار.
ئەمما بىزدە بۇ ساھەگە خاس بىلىم كەم، بۇنى ھەل قىلىش چا-
رىسىنى ئىزدىشىمىز زۆرۈر.

24 تارىختا ئەمەل ئىسىملىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ئىسىم-
لارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، شاڭشۇ (دىۋان
بېگى) 尚书 دېگەن ئاتالغۇنى ئالساق، تۈرلۈك تارىخىي دەۋر-
لەردە خىزمىتى ئوخشاش ئەمەس؛ ئەينى بىر خىزمەت، مەسىلەن،
پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي ھەربىي باشلىقنىڭ تارىخىي
دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى ئوخشاش ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئەمەللەر
تۈزۈمدە كۆپ ئۆزگىرىش بولغان. ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋ-
رىنى ئالىدىغان بولساق، پادىشا جىڭدى ھەم پادىشا ۋۇدى دەۋ-
رىدىلا، ئىككى قېتىم چوڭراق ئۆزگىرىشلەر بولغان ئىدى. دېمەك،
ئەمەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ ئوخ-
شاشمىغان دەۋرىدە ئەمەللەرنىڭ ئاتىلىشىمۇ ئوخشىمىغاچقا، قان-
داقسىگە قىلىپ توغرا ئىزاھلاشتا قىينالدۇق. بۇنى بىز ياخشى
ھەل قىلالمىدۇق. ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن مۇ-
رەككەپ ئەمەللەرنى 3 تىپقا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچىسى، ئە-

مىللىي خىزمىتى بار ئەمەللەر، مەسىلەن، ۋەزىر، ھەربىي ۋەزىر، باش تەپتىش بېگى قاتارلىقلار؛ ئىككىنچىسى، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۇنۋان — ئىككى خەن دەۋرىدە 20 دەرىجىلىك ئۇنۋان بار ئىدى. مەسىلەن: چوڭ تورە، قوۋۇق ئىچى تورىسى قاتارلىقلار. ئۈچىنچى، يۇقۇرقى ئىككى خىل ئەھۋالغا ئوخشىمايدىغان بەزى ناملار، مەسىلەن، ئالىپ چەۋەنداز سەنگۇن، ئوقيالىقلار سەنگۇنى، ئىلتىنج سەنگۇن، ھەركەتچان قوشۇنلار سەنگۇنى، شۇڭقار لەشكەر بېشى قاتارلىقلار. بۇلار ئەمەلمۇ ئەمەس، ئۇنۋانمۇ ئەمەس، پەقەت پادىشاتىڭ مەلۇم بىر سىپاھقا ۋاقىتلىق بەرگەن ئاتىغى، بىرىنچى خىلغا ئەمەل، ئىككىنچى خىلغا ئۇنۋان، ئۈچىنچى خىلغا نام (ئاتاق) ئىشلەتتۇق. مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ، پىكىر سورايمىز.

ئەمەللەرنى تەرجىمە قىلىشتا مۇمكىن قەدەر ئۇيغۇر تىلىدىن شۇ ئەمەل ئىسمىنىڭ قارشىلىغىنى تېپىپ ئىشلەتتۇق. زادى مۇناسىپ ئاتالما تېپىلمىغاندا، مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئاندىن ئىزاھلىدۇق. تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇرچە ئاتالمىلارنى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، ئەرەپچە، پارسچە ئەمەل ئىسىملىرىدىن پايدىلاندۇق. تىل جەھەتتىن بىرئاز مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. قانداق قىلساق تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ، يولداشلاردىن پىكىر سورايمىز.

ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان ئەمىلىي بىر قىيىنچىلىق يەر ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىز گەرچە مەملىكەت ئىچى ۋە تېشىدىكى تېمىمىزغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلانغان بولساقمۇ، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى، ماتېرىياللارنىڭ ئازلىغى تۈپەيلى، بۇ تەلەپكە دىگەندەك جاۋاپ بېرەلمىدۇق. بەزى جايلارنىڭ ئىسمى (ياكى دۆلەت ئىسمى) مەسىلەن، 条支 (تەزىك)، 犁轩 (رىم) قاتارلىقلار ئۆزىدىن بېرى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىنمىغىنى ئۈچۈن، بىزمۇ ئېنىق بىر نەرسە دىيەلمىدۇق. قىسقىغىنا ئىزاھ بېرىپ ئىشلىتىۋەردۇق.

24 تارىختىكى ماتېرىياللار ئىچىدە بەزى ئاتالمىلار ئۆز نۆۋىتىدە بەزى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن (مۇھىم تۇر-

كېيىنكى سېستىمىسىدىكى تىللاردىن) خەنزۇچىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئېلىنغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بۇنداق سۆزلەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ساھەدە بىز بىر قەدەر ئىلگىرىلەپ كۈچىمىزنىڭ يەتكىنىچە بەزى ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدۇق. مەسىلەن، ئۇيسۇنلارنىڭ پاشلىقى خەنزۇچىدا 昆莫 (كۇنمو) ياكى 昆密 (كۇنمى) دېيىلگەن. بۇ ئىسىمنى بىز "كۇنبەك"، "كۇنبېي" دەپ ئالدۇق. كېيىنكى ئىزدىنىشلەر بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىنىڭ 159 - بېتىدە: "مىلادىيدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تەگرى تاغلىرىدا ياشىغان ئۇيسۇنلارنىڭ رەئىسلىرى كۇنبەك ياكى كۇنبېي دېيىلەتتى......" دەپ يېزىلغان. يەنە «تارىخنامە»، «پەرغانە تەزكىرىسى»نىڭ 3159 - بېتىدە 左谷蠡王 (زوگۇلى ۋاڭ) 右谷蠡王 (يوۋگۇلى ۋاڭ) دېگەن ئاتالمىلار چىقتى. قەدىمقى خەنزۇچىدە يۇۋلۇلى ۋاڭ، زوۋلۇلى ۋاڭ ئوقۇلىدىكەن. بۇ سۆزگە ئۇيغۇرچىدا مۇناسىپ قارشىلىق يوق. ئەگەر گۇلى ۋاڭ ئوقۇلسا، ئۇنىڭدا گۇلى — قول بولۇش مۇمكىن. دېمەك بۇ ئاتالما ئوڭ قول خان (خان، بەگ)، سول قول خان (خان، بەگ) بولغان بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئاتالمىنى مۇشۇنداق بېكىتىپ ئىزاھلىدۇق. مۇندىن باشقا يەنە ئەمەل، كىشى ئىسىملىرىدا بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بەزى ئاتالمىلارنى مۇۋاپىق تاپمىغانلىرىمىزغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق.

تەرجىمە جەريانىدا بەزى زۆرۈر ئىزاھلارنى (كارتىلارنى) ئىشلىدۇق. ئوخشىمىغان تىپتىكى كارتىلاردىمۇ نۇسخىلار بەردۇق. كەلگۈسى قەدەمدىكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىشى ئۈچۈن يولداشلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك يولىيورۇقلىرىنى ۋە مەسلىھەتلىرىنى سورايمىز.

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 24 تارىخ

ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش - تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى.

سىماچيەن

# تارىخنامە

# پەرغانە تەزكىرىسى

(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)

شىنجاڭ داشۈي ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى

1983 - يىلى غىنۋار

**تەرجىمە مۇھەررىرلىرى:** قاسىم ئارىشى
ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى

# تارىخنامە① 123 - جىلد

## پەرغانە (大宛)② تەزكىرىسى 63

پەرغانە ۋەقەسى دەسلەپ جاڭ چيەن③ تەزكىرىسىدە كۆرۈلىدۇ.

---

① تارىخنامە 史记 (shǐjì)

ئاپتورى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى سىماچيەن. ئەسەر جەمئىي 130 جىلد بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇن 91 — 104 - يىللاردا يېزىلغان تۈركىي قەۋملەر قەدىمقى زامان تارىخىنىڭ يىگانە مەنبەسى — تارىخنامە ھېسابلىنىدۇ.

② پەرغانە 大宛 (dàyuān)

غەربىي ئەلنىڭ قەدىمقى خانلىقلىرىدىن بىرى. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان، مەركىزى كۆشان شەھرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك 70 تىن ئارتۇق شەھرى بار ئىدى. ئاھالىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى. ئۈزۈم، بېدىسى ۋە ئاتلىرى مەشھۇر ئىدى.

③ جاڭ چيەن 张骞 (zhāngqiān)

مىلادىدىن بۇرۇن 114 — ؟ يىللار. خەنجۇڭلۇق. مىلادىدىن بۇرۇن 139 - يىلى خەن پادىشاسى ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چوڭ ياۋچىلارغا ئەلچىلىككە چىققان. بۇ سەپەردە پەرغانە، كانگا، چوڭ ياۋچى، باكترىيا قاتارلىق خانلىقلارغا بارغان. م. ب. 119 - يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە غەربىي ئەلگە — ئۇيسۇنلارغا ئەلچى بولۇپ بارغان ۋە نائىبىنى پەرغانە، كانگا، باكترىيا، ئارساكلارغا ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ھەسسە قوشقان.

جاڭ چيەن خەنجۇڭدىن①. جيەنيۈەن② يىلنامىسى (مىلادىدىن بۇرۇن 135 — 140 - يىللار) دەۋرىدە ياساۋۇل بەگ③ بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا پادىشا، ھۇندىن④ تەسلىم بولغان كىشىلەردىن سورىغىنىدا "ئۇلار: ھۇنلار ياۋچى⑤ خانىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى شاراپ قاچىسى قىلغان. ياۋچىلار قېچىپ كەتكەن،

---

① خەنجۇڭ 汉中 ( hànzhōng )

ۋىلايەت. م. ب. 312 - يىلى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، دەريا نامىغا قويۇلغان. ۋىلايەت مەركىزى نەنجېڭ(南郑).

② جيەنيۈەن 建元 ( jiànyuán )

1. خەن پادىشاسى ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى (م. ب. 135 - 140 - يىللار).
2. خەن پادىشاسى ليۇچۇڭنىڭ يىلنامىسى (م. ب. 315 - 316 - يىللار).
3. جىن پادىشاسى كاڭدىنىڭ يىلنامىسى (م. ب. 343 - 344 - يىللار).
4. ئالدىنقى جىن پادىشاسى فۇجيەنىڭ يىلنامىسى ( 365 - 385 - يىللار).
5. جەنۇبى سۇلالە پادىشاسى چى گاۋدىنىڭ يىلنامىسى (479 - 482 - يىللار).
6. چاۋشيەن شىنرۇ بەگلىكى قاشىنبەگنىڭ — جىن يۈەنزۇڭنىڭ يىلنامىسى (536 - 550 - يىللار).

③ ياساۋۇلبەگ 卫尉 ( wèiwèi )

ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 9 ۋەزىرلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. خاسلا ساراي - ئوردا دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

④ ھۇن، قۇن 匈奴 ( xiōngnú )

جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قەدىمقى مىللەتلەردىن بىرى. باتۇر (مودۇ، مەتە) تەڭرىقۇت بارلىق قەبىلىلەر (ئاساسەن تۈركىي قەبىلىلەر)نى بىرلەشتۈرۈپ، قوملۇقنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن ئىبارەت كەڭ رايونلاردا ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

⑤ ياۋچى، يۈرتچى 月氏 ( yuèzhī )

قەدىمقى مىللەتلەردىن. مىلادىدىن بۇرۇن IV. III. ئەسىرلەردە دۇخان بىلەن تىلەن (چىليەن) تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان چارۋىچى خەلق. م. ب. 176 - 177 - يىللىرى ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، كۆپ قىسمى ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچتى. بۇلار "چوڭ ياۋچى"لار دەپ ئاتالدى. كۆچمەستىن تىلەن تېغىغا كىرىۋېلىپ چياڭلارغا ئارىلىشىپ ماكانلاشقان ئازچىلىق ياۋچىلار "كىچىك ياۋچى"لار دەپ ئاتالدى.



خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى

خەن ۋۇدى (لىيۇ چې)



ئۇلار ھۇنلاردىن قىساس ئېلىشنى ئويلايدۇ. سىلەر ياۋچىلار بىلەن بىرلىكتە نېمىشقا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلمايسىلەر؟ دېگەن. خەن سۇلالىسى بۇ ۋاقىتتا ھۇنلارنى يوقىتىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ياۋچىلارغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغان. لېكىن، يول ھۇنلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتەتتى، شۇڭا ئۇ يەرگە ئەلچى بولۇپ بارالايدىغان ئادەم ئىزدىلىگەن. جاڭ چيەن ياساۋۇل بېگى سۈپىتى بىلەن ئەلچى بولۇپ ياۋچىلارغا بارماقچى بولغان. ئۇ تاغىسىنىڭ قۇلى گەنفۇ① بىلەن بىرلىكتە لۇڭشىدىن② يولغا چىققان. ھۇنلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان. تەڭرىقۇت: "ياۋچىلار بىزنىڭ شىمالىمىزدا، خەن سۇلالىسى③ نېمە

---

① گەنفۇ — 甘父 ( gānfù )

بەزى ماتېرىياللاردا تاغىي (堂邑) فامىلە، گەنفۇ ئىسمى بولۇپ، ھۇنلۇق قۇل ئىدى دېيىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا تاغىي نامىسىدىن بىراۋنىڭ نەسلى ھۇن، گەنفۇ ئىسىملىك قۇلى دېيىلىدۇ.

② لۇڭشى — 陇西 ( lǒngxī )

ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ (كەنسۇ) ئۆلكىسى لىنتاۋنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. لۇڭشەن تېغىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، بۇنداق ئات قويۇلغان. م. ب. 280- يىلى تەسىس قىلىنغان.

③ خەن سۇلالىسى — 汉朝 ( hàncháo )

م. ب. 206- يىلى ليۇباڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنىپ، مىلادى 220- يىلغىچە جەمئىي 24 پادىشا 406 يىل سەلتەنەت سۈرگەن سۇلالە. جۇڭگو تارىخىدا بۇ سۇلالە ئەڭ كۈچلۈك فېئودال سۇلالە بولۇپ، تېررىتورىيىسى شەرقىي بىلەن جەنۇبىي دېڭىزغىچە؛ غەربىي بالقاش كۆلى، پەرغانە ئويمانلىقى، پامىرغىچە، غەربىي جەنۇبىي يۈننەن، گۇاڭشى بىلەن شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ۋيېتنامغىچە؛ شىمالىي چۆل قۇملۇقىغىچە؛ شەرقىي شىمالىي چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، خەن پادىشالىرىدىن ۋۇدى دەۋرىدە ئاسىيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىگە ئايلىنىپ، ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەت ئورناتقان سۇلالە ئىدى.

ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتمىدىكەن؟ بىز يۆي① بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولساق، خەن (سۇلالىسى) بۇنىڭغا ئۇنارمۇ؟" دېگەن ۋە جاڭ چيەننى ئون نەچچە يىل تۇتقۇن قىلغان، ئۆيلەپ قويغان، ئۇ بالىلىق بولغان، لېكىن جاڭ چيەن ئەلچىلىك دەستىكىنى قولدىن چۈشۈرمەي ئۆزىنىڭ خەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

جاڭ چيەن ھۇنلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تۇرغاچقا، نازارەت بارا - بارا بوشاشقان، خىزمەتچىلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ياۋچىلار ئېلىگە قاچقان. غەرپكە قاراپ بىرنەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ، پەرغانىگە بارغان. پەرغانە دۆلىتىنىڭ خانى خەن (سۇلالىسى)نىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا دوستانە ئالاقە باغلىماقچى بولسىمۇ، لېكىن باغلىيالمىغان. شۇڭا جاڭ چيەننى كۆرۈپ خۇشال بولغان ۋە ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغان. جاڭ چيەن: "مەن خەن ئەلچىسى، ياۋچىلارغا بارىمەن. يولنى ھۇنلار ئېتىۋالغانلىقتىن، تۇتۇلۇپ قېلىپ قېچىپ چىقتىم. خانىنىڭ ئادەم قوشۇپ ياۋچىلارغا ئاپىرىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئەگەر ئۇ يەرگە بېرىپ ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ قايتىپ كېتەلىسەم، خەن سۇلالىسى خان جاناپلىرىغا كۆپ مال - دۇنيا ئىنئام قىلىدۇ" دېگەن.

پەرغانە خانى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ۋە جاڭ چيەنگە يول

---

① يۆي 越 (yuè)
قەدىمقى مىللەتلەردىن. چىن ۋە خەن دەۋرىدىن بۇرۇن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ ياشىغان كۆپ قەبىلىلىك خەلق. بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، دېخانچىلىق، مەدەنچىلىك، سۇ تەقسىماتچىلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. چىن، خەن دەۋرىدىن كېيىن ئۇزۇن زامان داۋام ئەتكەن تەرەققىيات جەريانىدا بىر قىسمى خەنزۇلارغا، يەنە بىر قىسمى بۈگۈنكى جۇاڭزۇ، لىزۇ، تەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن.

ياشلىنغۇچى قوشۇپ كانگكا①غا يەتكۈزۈپ قويغان. ئۇلۇغ ياۋچـ
لار خانى هۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئورنىغا ۋەلىئەهـ
خان بولغان ۋە باكتىرىيا②نى بويسۇندۇرۇپ هۆكۈمرانلىق قـ
ىلىۋاتقان ئىدى. (باكتىرىيانىڭ يېرى مۇنبەت، ئۇرۇش - تالاش
ئاز، تۇرمۇش خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
خەن بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئالاقىسى كەم
ئىدى، ئۇلارنىڭ هۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى.
جاڭ چيەن ياۋچىلاردىن چىقىپ باكتىرىيىگە بارغان، گەرچە ياۋ-
چىلار بىلەن كۆپ ئالاقىلىشىپ باقسىمۇ دىگەندەك جاۋاپ ئالال-
مىغان.

جاڭ چيەن بۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ قايتقان، ئۇ جەنۇبىي تاغ③ (قارا قۇرۇم تاغلىرى) بويلاپ چياڭلار④نىڭ ئارىسى بىلەن قايتقان ۋە يەنىلا هۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بىر يىلدىن ئۈشۈق تۇتقۇن بولغان. تەگرىقۇت ئۆلۈپ، سول قول

---

① قاڭقا، سوغدىيانا، كاڭگا 康居 (kōngjū)
غەربىي ئەلدىكى قەدىمقى خانلىق. شەرقى ئۇيسۇنغا، غەربى ئائورسىغا، جەنۇ-
بى چوڭ ياۋچىغا، شەرقىي جەنۇبى پەرغانىگە چېگرىداش بولۇپ، تەخمىنەن
بالقاش بىلەن كاسپىي ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

② باكتىرىيا، باغتار 大夏(dàxià)
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى خانلىقلىرىدىن بىرى، ئورنى هىندىقۇش تاغلىرى
بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىـ
سمىدا) جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر مەمۇرى رايونى
ئىدى. تارىخنامىدە لەنشىچېڭ (蓝市城) كوكبالىق، موڭغۇل تارىخىدا بەلخ
دىيىلىدۇ.

③ جەنۇبىي تاغ 南山 (nánshān)
«تارىخنامە»نىڭ «پەرغانە تەزكىرىسى»دىكى جەنۇبىي تاغ — تىلەن (چىلـ
لىيەن)، ئالتۇنتاغ، قارا قۇرۇم تاغلىرىغا قارىتىلغان.

④ چياڭلار 羌 (qiāng)
جۇڭگودا ياشىغان قەدىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرى. گەنسۇ، چىڭخەي
(كۆككۆل)، سىچۇەن ئۆلكىلىرىدە ياشىغان. هازىرقى تىبەتلىكلەرنىڭ ئەجدادى.

خان① تەڭرىقۇتزادىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۆزى خان بولغان،
ئەل ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. جاڭ چيەن خۇن خو-
تۇنى ۋە تاڭيى گانفۇ بىلەن بىرلىكتە خەن سۇلالىسىگە قېچىپ
كەلگەن. خەن پادىشاسى جاڭ چيەنگە كېڭەش بېگى② تاڭيى
گانفۇغا ئەلچى بەگ③ مەنسۇۋى بەرگەن.

جاڭ چيەن ئىرادىلىك، كەڭ قوساق، سەمىمىي ئادەم ئىدى،
بەدەۋى يات قەبىلىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. تاڭيى گانفۇ خۇن
ئىدى. ئۇ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، يولدا ئوزۇق تۈگەپ
ئامالسىز قالغاندا، قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئېتىپ ئوزۇقلانغان-
دەسلەپ جاڭ چيەن يولغا چىققاندا ئۇلار يۈز نەچچە ئادەم
بولسىمۇ، 13 يىلدىن كېيىن ئاران ئىككى ئادەم قايتىپ كەلگەن.

جاڭ چيەن پەرغانە، ئۇلۇغ ياۋچى، باكتىرىيا، كانگلارغا ئۆز-
ى بارغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 5 – 6 چوڭ دۆلەتلەرنىڭ
ئەھۋاللىرىنى باشقىلاردىن ئۇقۇپ، پادىشاغا: "پەرغانە خۇنلارنىڭ
غەربىي جەنۇبىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ دەل غەربىگە جايلاشقان،
خەن سۇلالىسىدىن ئون مىڭ چاقىرىمچە كېلىدۇ. پەرغانىلىقلار-
نىڭ ئەجداتلىرى تۇراقلىق ماكان تۇتۇپ، ئاساسەن دېھقانچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شال، بۇغداي تېرىيدۇ، ئۈزۈم شاراپلى-
رى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئارغىماق ئاتلىرى كوپ، ھەممىسى نەسىل-
لىك ئاتلار. شەھەر – قورغان، ئۆي – ئىمارەتلىرى بار،

---

①سول قول خان 左谷蠡王（zuǒgǔlìwàng）
خۇنلاردا يۇقۇرى دەرىجىلىك بەگلەر ئوڭ قول خان، سول قول خان دەپ
ئايرىلاتتى.

②كېڭەش بەگ 太中大夫（tàizhongdàfù）
ئوردا (دىۋان) مەسلىھەتچىسى.

③ئەلچى بەگ 奉使军（fèngshǐjūn）
ئەلچىلەر خىزمىتىدە چەت ئەللەرگە بارغان كىشى.

چوڭ - كىچىك شەھەرلىرى 70 تىن ئاشىدۇ. بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاھالىسى بار. ئەسكەرلىرى ئاتلىق بولۇپ، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئاتالايدۇ، نەيزىۋازلىق قىلالايدۇ. شىمالىدا كانگا، غەربىدە چوڭ ياۋچى، غەربىي جەنۇبىدا باكتىرىيا، شەرقىي شىمالىدا ئۈيسۇن①، شەرقىدە دەندان - ئويلىك②، ئۇدۇن (خوتەن)لەر③ بار. ئۇدۇننىڭ غەربىدە سۇ غەربكە ئېقىپ غەربىي كۆلگە④ قۇيۇلىدۇ؛ شەرقىدە سۇ شەرققە ئېقىپ، لوپنۇر⑤ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

---

① ئۈيسۇن، ئاسىيانى

قەدىمقى مىللەت. دەسلەپ تىلەن (چىليەن) تېغى بىلەن دۇخۇان ئارىلىقىدا ماكانلاشقان. مىلادىدىن بۇرۇن 161 - يىلى ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالە (مىلادى 420 — 581 - يىللار) دەۋرىدە پامىرنىڭ شىمالىغا كۆچكەن، نوپۇسى 630 مىڭ ئىدى. قازاقلار ئىچىدە ھازىرمۇ ئۈيسۇن قەبىلىلىرى بار. مىلادى 938 - يىلىدا ئۈيسۇنلار لياۋ خانىدانلىقىغا باج - خىراج تۆلەيتتى.

② دەندان ئويلىك، ئۇزۇن تېغىر

كىرىيە دەرياسىنىڭ شەرقى، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا خارابىسى بار.

于tián ( yŭtián )

③ ئۇدۇن (خوتەن)

غەربىي ئەلنىڭ قەدىمقى دۆلەتلىرىدىن بىرى. ھازىرقى خوتەن ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. خەلقى دېھقان، چارۋىچى، جۇجەم، كەندىر مول بولۇپ، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. يېزىقى بار، غەربىي خەن دەۋرىدىلا بۇددىزم تارقالغان. مىلادى X ئەسىر قارا خانىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان.

西海 ( xīhǎi )

④ غەربىي كۆل

بۇ ئاتالما ھەققىدە تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر بار: 1. پارس قولتۇقى، قىزىل دېڭىز، ئەرەبىستان دېڭىزى، ھىند ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمى غەربىي كۆل دەپ كۆرسىتىلگەن؛ 2. غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا چىڭخەي (كۆككۆل) غەربىي كۆل دەپ ئاتالغان؛ 3. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇل قويۇن كۆلى ئەترابى غەربىي كۆل ۋىلايىتى دەپ كۆرسىتىلگەن؛ 4. باغراش كۆلى غەربىي كۆل دېيىلگەن؛ 5. ئوتتۇرا دېڭىز غەربىي كۆل دېيىلگەن، بۇيەردە ئارال كۆلى ياكى كاسپى دېڭىزى نەزەردە تۇتۇلسا كېرەك.

盐泽 ( yǎnzé )

⑤ لوپنۇر كۆلى، تۇزلۇق كۆل، شورلۇق كۆل

تارىخنامىنىڭ پەرغانە تەزكىرىسىدە سۈيى شورلۇق بولغاچقا، لوپنۇر كۆلى تۇزلۇق (شورلۇق) كۆل دەپ ئاتالغان.

لوپنورنىڭ سۈيى يەر ئاستىدا ئاقىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبى-سېرىق دەريا① نىڭ مەنبەسى. قاش تېشى كۆپ چىقىدۇ. دەريا جۇڭگوغا ئاقىدۇ. روران②، قوس③ لارنىڭ شەھەر ۋە قورغانلىرى بار، لوپنورغا قارىمۇ-قارشى جايلاشقان. لوپنور بىلەن چاڭئەن④نىڭ ئارىلىقى 5 مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ھۇنلارنىڭ غەربىتىكى كۆپچىلىك قەبىلىلىرى لوپنورنىڭ شەرقىدە بولۇپ، غەربىي گەنسۇدىدۇ.

---

① سېرىق دەريا 黄河 ( huánghé )

كۆككۆلدىكى بايانقارا تېغىدىن ھاسىل بولغان. شەرققە ئېقىپ سىچۈەن، گەنسۇ، نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، سەنشى، خېنەن قاتارلىق ئۆلكە-رايونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ شەندۇڭنىڭ شىمال قىسمىدا بوخەي دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5464 كىلومېتىر.

② روران، رالۇراتا، كروراينا، پىشامشان 楼兰 ( lóulán )

غەربىي ئەلنىڭ قەدىمىي خانلىقلىرىدىن بىرى. كېيىن پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن. مىران ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ قوس، قوش 姑师 ( gūshī )

بۇ ئىسىم كۆلتېكىن ئابىدىسىدە قوسۇ، قوسۇ شەكلىدە يېزىلغان. كېيىن خەنزۇچە 车师 ( chēshī ) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ، شۇ دەۋردە كۆچۈش، كۆچۈشى دەپمۇ ئوقۇلغان. مىلادىدىن بۇرۇن 70-يىلى پادىشاھ شۈەندى (م. ب. 73—49-يىللار) دەۋرىدە قوس — ئالدى قوس، ئارقا قوس دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئالدى قوس بۈگۈنكى تۇرپاندىكى يارغول خارابىسى بولۇپ ئارقا قوس ئۈتۈنساي (جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ)دا ئىدى.

④ چاڭئەن 长安 ( cháng'ān )

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمىي پايتەختلىرىدىن بىرى. مىلادىدىن بۇرۇن 202-يىلى ئاھىيە تەسىس قىلىنىپ، 7 يىلدىن كېيىن پايتەختكە ئۆزگەرتىلگەن. نۇرغۇن سۇلالىلەر بۇ شەھەرنى ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى قىلىشقان. ئورنى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھرىنىڭ جەنۇبى قىسمىدا بولۇپ، ۋېي دەرياسى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبى قىرغىقى چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمال ئېتىكى ئارىلىقىغا جايلاشقان.

كى سەددىچىن①غا يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبىي چىياڭلار ئېلىگە تۇتۇشۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلا يول ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئۇيسۇنلار پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە تەخمىنەن ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، چارۋىچى ئەل، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۆرپ - ئادەتلىرى هۇنلارغا ئوخشاش. بىرنەچچە تۈمەن ئەسكىرى بولۇپ، جەسۇر، جەڭگىۋار خەلق. بۇرۇن هۇنلارغا قارىغان، كۈچەيگەندىن كېيىن هۇنلارنىڭ نازارىتىنىلا قوبۇل قىلىپ (هۇن تەڭرىقۇتلىرىنى) زىيارەت قىلماس بولۇۋالغان.

كاڭگا پەرغانىنىڭ غەربىي - شىمالىدىن ئىككى مىڭ چاقىرىم

---

① سەددىچىن 长城 ( chángchéng )

جۇنگو، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە بەگلىكلەر ئۆز ئارا مۇداپىئە يۈزىسىدىن جۇغراپىيە ئورنى مۇھىم يەرلەرگە ئۇزۇن قورغانلار سالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇن 657 - يىلى چۇ بەگلىكىدە قورغان سالغانلىق ھەققىدە «زوجۇەن تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەر بار. بۇ سەددىچىننىڭ دەسلەپكى قىسمىنى قۇرۇلۇشى. ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە چى، چۇ، يەن، جاۋ، چىن ۋە جۇڭشەن قاتارلىق بەگلىكلەر ئارقىمۇ - ئارقا سېپىل سېلىشقا باشلىغان. چىن شىخۇاڭ 6 بەگلىكنى (دۆلەتنى) يوقىتىپ مەملىكەتنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، شىمالدىكى هۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇش ئۈچۈن، مىلادىيىدىن بۇرۇن 214 - يىلى چىن، جاۋ، يەنلەردىن ئىبارەت 3 بەگلىكنىڭ شىمالدىكى سېپىللىرىنى رېمونت قىلىپ تۇتاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن غەربتە لىنتاۋ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنشيەن ناھىيىسى)دىن باشلاپ، شىمالدا يىنشەنگىچە، شەرقتە لياۋدۇڭغىچە تۇتاشتۇرۇلغان. بۇنىڭغا ئادەتتە "تۈمەن يوللۇق ئۇزۇن سېپىل" دېيىلگەن. كېيىن خەن، شىمالىي ۋېي، چى، شىمالىي جوۋ، سۈي سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە چېگرىداش بولغان يەرلەرگىمۇ سېپىل سوقۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاتارلار، ئويراتلارنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن مىلادى 1368 — 1620 - يىللىرىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر 18 قېتىم رېمونت قىلىنغان. غەربتە جيايۈگۈەندىن شەرقتە شەنخەيگۈەنگىچە "چېگرا تام" دېيىلگەن. جەمى ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ. بەزى يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 8.5 مېتىر، كەڭلىكى 6.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 5.7 مېتىر بولۇپ، قوۋۇقتىنىڭ ئېگىزلىكى 1 مېتىر كېلىدۇ. دۇنيا تارىخىدا ئەڭ زور قۇرۇلۇشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كېلىدۇ. كوچمەن دۆلەت بولۇپ، ئۆرپ - ئادەتلىرى ياۋچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. 80 - 90 مىڭچە ئەسكىرى بار، پەرغانە بىلەن خوشنا. ئۆزى كىچىك دۆلەت بولغاچقا، جەنۇبىنى ياۋچىلار، شىمالىنى ھۇنلار كونترول قىلىۋالغان.

ئائورسى① كاڭگاننىڭ غەربىي - شىمالىدىن ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، كوچمەن ئەل، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن كاڭگالىقلارغا ئوخشايدۇ. يۈز نەچچە مىڭ ئەسكىرى بار. يېرى چەكسىز - بىپايان سۇ بويىغا جايلاشقان، كاسپىي دېڭىزى② بولۇشى ئېھتىمال.

ئۇلۇغ ياۋچىلار پەرغانە غەربىدىن 2 - 3 مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا بولۇپ، ئامۇ③ دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. جەنۇبى باكتىرىيا، غەربى ئارساك④، شىمالى كاڭگاغا تۇتاش. كوچ-

---

奄蔡 ( ānsài ) ① ئائورس، ئالان، ئەنسەي

سوغدلارنىڭ قەدىمىي ئىسمى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۇ دەۋردىلا بۇلار شىمالىي كاپكاز، دون دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ياشىغان تۈركىي قەۋملەر ئىدى.

北海 ( běihǎi ) ② كاسپىي دېڭىزى

1. جۇڭچيۇ، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە بوخەي دېڭىزى — بېيخەي دېيىلگەن؛
2. تارىخنامە «پەرغانە تەزكىرىسى»دىكى بېيخەي كاسپىي دېڭىزىغا قارىتىلغان؛
3. خەننامە «سۇۋۇ تەزكىرىسى» دىكى بېيخەي بايقال كۆلىنى نەزەردە تۇتىدۇ.
4. بەزى كىتابلاردا بالقاش كۆلىگە بېيخەي دەپ ئىشارە قىلىنغان.
5. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغىقىدىكى يەنى بىرىتانىيە ئارىلى بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئارىسىغا ئورۇنلاشقان دېڭىز.

妫水 ( wèishuǐ ) ③ ئامۇ دەريا

ئەرەبلەر جەيھۇن دەپ ئاتايدۇ. تارىخنامە يېزىلغان دەۋرلەردە ۋېيشۈي دېيىلسە، بۈگۈن خەنزۇچىدە (阿母河Amǔhē) دېيىلىدۇ.

安息 ( ānxī ) ④ ئارشاك (پاتىيا، پارتىيە)

غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمقى دۆلىتى. ئەسلىدە ئىراننىڭ بىر ھەۋزى ئۆلكىسى، كېيىن ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىگە قارىغان. م. ب. 247 - 249 - يىللىرى مۇستەقىل بولۇپ، ئارساكىس I خان بولغان. م. ب. II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكى، ماۋەرائۇننەھر ۋادىسى ئارشاكقا قارىغان.



ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) خان

ئىشلىگۈچى: غازى ئەھمەت

-يەنچى دۆلەت بولۇپ، ئىچارۋىغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۆرپ ئا-
ئادەتلىرى ھۇنلارغا ئوخشاش. ئىككى يۈز مىڭچە ئەسكى-
رى بار. ئۇلار كۈچەيگەن دەۋردە ھۇنلارغا سەل قارىغان. با-
تۇر① (مودۇ) تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ئەسكىرىي يۈرۈش
قىلىپ ياۋچىلارنى تارمار قىلغان. روشات② ھۇنلارغا تەڭ-
رىقۇت بولغاندىن كېيىن، ياۋچىلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، باش
سۆڭىكىنى شاراب قاچىسى قىلغان. ياۋچىلار دەسلەپ دۇخان③
بىلەن چىلىيەن④ تاغلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان. ھۇنلاردىن يې-

---

① باتۇر (مودۇ، مەتە) 冒顿 ( Mòdú )

م. ب. 174 — ؟ يىللار. ھۇن تەڭرىقۇتى. مىلادىيە 209 - يىلى ئاتىسى تۈمەن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھۆكۈمدار بولغان. ئىچكى قىسمىنى ئوڭشاپ ھەربىي دىكتاتورلۇق تۈزۈم ئورناتقان: شەرقتە باشقا ھۇن قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىتائىتىگە ئېلىپ، غەربتە ياۋچىلارنى قوغلىغان. روۋران، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى ھەم ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنى (خانلىقنى) ئىگەللىگەن. شىمالدا تېلۇسلارنى، جەنۇبتا لۇفەن، بەيياڭ رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، چىن سۇلالىسىنىڭ تېرىتورىيىسىگە كىرىپ، سېرىق دەريانىڭ جەنۇبىدىكى خېتاۋ ئەتراپلىرىغىچە بېسىپ كىرگەن ۋە ئىنتايىن كۈچەيگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باتۇر تەڭرىقۇت دائىم دىڭگودەك جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىپ، غەربىي خەن فېئودال سۇلالىسىگە كۈچلۈك تەھدىت سالغان.

② روشات تەڭرىقۇت 老上单于 ( lǎoshàngchányú )

ھۇن ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى.

③ دۇخان، داكشاتا، دەشت 敦煌 ( dōnhuáng )

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمى، دائخې دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا چېگرىداش. شەھەردىن شەرقىي جەنۇبتا 25 كىلومېتر يەردە مىڭ ئۆي بولۇپ IV ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان مىنىياتورلار، ئويما - نەقىشلەر قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرى بار.

④ تىلەنتاغ، چىلىيەن تېغى، تەڭرى تاغ 祁连山 ( qíliánshān )

ھۇنلار تەڭرى تېغى دەپ ئاتىغان. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا تاغلىق يەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. تار مەنىدىكى تىلەنتاغ ئەنە شىمالدىكى بىر تارمىقى. بۇ تەڭرى تېغىنى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىدىن ئايرىم مەنىدە چۈشىنىش كېرەك.

يېڭىلگەندىن كېيىن يىراقلارغا كوچۈپ پەرغانىدىن ئۆتۈپ، غەربتە باكتىرىياغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇنى بويسۇندۇرغان، پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇرۇپ، خان ئوردىلىرى بىنا قىلغان. ئۇندىن باشقا يىراقلارغا كۆچەلمەي جەنۇبىي تاغقا قېچىپ بېرىپ چياڭلارنىڭ ھەمايىسىگە كىرگەن ئاز تۈركۈمدىكى ياۋچىلار "كىچىك ياۋچىلار" دەپ ئاتالغان.

ئارساك (پاتىيا) ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ غەربىدىن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. يەرلىك خەلقى دېھقانچىلىق قىلىپ، شال، بۇغداي تېرىيدۇ، ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشلىرى پەرغانىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىرقانچە يۈز چوڭ - كىچىك شەھەرلىرى بولۇپ، مەيدانى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئامۇ دەرياغا قاراپ تۇرىدۇ. سودا بازارلىرى بولۇپ، ئاھالىسى سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. ھارۋا ياكى كېمىلەردىن پايدىلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ياكى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى جايلارغا بېرىشىدۇ. كۈمۈش تەڭگە خەجلىشىدۇ. تەڭگىلىرىدە خانلىرىنىڭ باش رەسمى بولۇپ، خانلىرى ۋاپات قىلسا، پۇللىرىمۇ ئۆزگەرتىلىدۇ. يېڭى تەڭگىلىرىگە يېڭى خانلىرىنىڭ باش رەسمى قۇيدۇرۇلىدۇ. ئارساكلارنىڭ يېزىقى توغرىسىغا تېرىلەرگە يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەربىدە تاجىك (تەزىك)①، شىمالىدا ئائورسى، رىملەر② بار.

---

条支 ( tiáozhī ) ①تاجىك، تەزىك

"تاجىك" سۆزى ئەسلىدە ئەرەب ـ"تاي" قەبىلىسى ئىسمىدىن ئېلىنغان ۋە ـ"ئەرەبلەر" مەنىسىدە قوللىنىلغان بىر ئىسىم. تۈركىي خەلقلەر ئەرەبلەرگە ۋە مۇسۇلمانلارغا ـ"تاجىك، تەزىك" دېگەندەك خەنزۇلار ـ大食 داشى ياكى 条支 تياۋجى دەپ ئاتىغان ئىدى. ھەر ئىككى سۆز تاجىك سۆزىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى. كېيىنچە ئەرەبلەر ۋە ئۇلار بىلەن غەربتىن كەلگەن ئىرانلىق قەۋملەرنىڭ ھەممىسى پارىسچە سۆزلەشكەنلىكلىرى ئۈچۈن "تاجىك" ئىسمى "فارس" مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ ئاتالما ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى ھەرخىلدۇر.

犁轩 ( líxuān ) ②رىم رۇم، ئۇرۇم

قەدىمقى رىم ئىمپېرىيىسى

تاجىك ئارساكىنىڭ بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم غەربىدە بولۇپ، غەربىي دېڭىزغا① قاراپ تۇرىدۇ. كىلىماتى ئىسسىق ۋە نەم، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، شال تېرىيدۇ. بۇ ئەلدە بىرخىل چوڭ قۇش (تۆگە قۇش) ياشايدۇ، تۇخۇمى كىچىك كوزىدەك چوڭ بولىدۇ. خانلىقنىڭ نوپۇسى كۆپ. خانىنىڭ ئاستىدا كىچىك خانلىرى بار. ئارساك ئۇنىڭغا قارايدۇ، قارام يات دۆلەت ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەلنىڭ خەلقى سېھىرگەرلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. ئارساكىنىڭ مويسىپىتلىرى: "تاجىك دىيارىدا روشۇي② ناملىق دەريا بار. غەربتىكى خان ئانىنى③ كۆرگەن كىشى يوق" دەيدىكەن.

---

西海 ( xihǎi )　① غەربىي دېڭىز

«تاغ ـ دەريالار قامۇسى» (山海经) بۇ دېڭىزنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى دەپ بەرمەيدۇ. كېيىنكى زامانلاردا جۇغراپىيە ئىلىملىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن كۆپ ئورۇنلار غەربىي دېڭىز دەپ كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان بولدى. تارىخنامە «پەرغانە تەزكىرىسى» دە: "خوتەننىڭ غەربىدە سۇلارنىڭ ھەممىسى غەربكە ئېقىپ، غەربىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ" دېيىلگەن. بۇ غەربىي دېڭىز كاسپىي دېڭىزى ئەمەس. «خەننامە» دە: "تەزىك دۆلىتى غەربىي دېڭىزنىڭ بويىدا" دېگەن جۈملىدىكى غەربىي دېڭىز بەسرە قولتۇقى، قىزىل دېڭىز، ئەرەبستان دېڭىزى ۋە ھىند ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا قارىتىلغان. بەزى كىتابلاردا باغراش كۆلى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز غەربىي دېڭىز دەپ كۆرسىتىلگەن.

弱水 ( ruòshuǐ )　② روشۇي

رىۋايەتلەرگە كۆرە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى.

西王母 ( xīwángmǔ )　③ غەربىي خان ئانا

ئەپسانىۋىي مەسەللەردىكى شەخس. "تىللا ئانا"، "خان ئانا" ياكى "غەربىي موما" ھەم دېيىلىدۇ. «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» دا قاپلان قۇيرۇقلۇق، يولۋاس چىشلىق، ھۆشقىرىيدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق قىلىپ كۆرسىتىلگەن. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە ھېلىم، غەزەلخان بىر ئايال قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «خەن سۇلالىسى ئىچ تەزكىرىسى» دە تەخمىنەن 30 ياشلار ئەتراپىدىكى گۈزەللىكتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر مەلىكە كۆرسىتىپ، 3 مىڭ يىلدا بىر قېتىم پىشىدىغان يېمى (خاسىيەتلىك) شاپتۇلنى خەن پادىشاسى ۋۇدىغا ھەدىيە قىلغانلىقى يېزىلغان. «ئىلاھلار غەيرى خاتىرىسى» دە ئۇنىڭغا بىر ھەمرا — شەرقىي خانبەگ ئوبرازى يارىتىلىپ يىلدا بىرلا قېتىم كۆرۈشىدىغانلىقى قەيد قىلىنغان. كېيىنكى زامانلاردا رومان ۋە تىياتىرلاردا "ھىكمەتلىك كولدىكى تىللا ئانا" (بۇ كۆل قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئىمىش) دەپ ئاتالغان.

مىڭ ئىككى جەنۇبىدىن غەربىي پەرغانىنىڭ (باغتار) "باكتىرىيە ر.
نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاش-
قان. يەرلىك خەلقى ئۆزلىرى زامانلاردىن بېرى شەھەرلەردە يا-
شايدۇ. ئۆرپ-ئادەتلىرى پەرغانىلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.
خان-بەگلىرى يوق، شەھەر-كەنتلىرىدە كىچىك بەگلىرى
بار. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئاجىز بولۇپ، جەڭدىن قورقىدۇ.
خەلقلىرى سودىگەرچىلىككە ماھىر. ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربكە كۆچ-
كەن ۋاقتىدا باكتىرىيانى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزلىرىگە بويسۇندۇر-
غان. باكتىرىيانىڭ خەلقى كۆپ، بىر مىليوندىن ئاشىدۇ. پاي-
تەختى كوكبالىق① بولۇپ، تۈرلۈك بۇيۇملار ئېلىپ-سېتىلىدۇ.
شەرقىي جەنۇبىي ھىندىستانغا② تۇتىشىدۇ" دېگەن.

جاڭ چيەن: "مەن باكتىرىيادا چيۇڭ③ تېغىنىڭ بامبۇك ھاسى-
سى، شۇ④ (سىچۈەن) رەختلىرىنى كۆردۈم. بۇ نەرسىلەرنىڭ

---

兰市城 ( lánshìchéng ) ① كوكبالىق

باكتىرىيە (باغتار)نىڭ مەركەز شەھىرى.

身毒 ( shēndú ) ② ھىندىستان، ئەنەتكەك

تارىخنامە، جۇڭگو تارىخىدىن تاللانمىلاردا ئۇچرايدۇ، خەنزۇچە تيەنجۇ، يۈەندۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر سۆزلۈكىدە ئەنەتكەك دەپ ئېلىنغان. ئاسىيانىڭ قەدىمىي دۆلەتلىرىدىن بىرى. ئورنى جەنۇبىي ئاسىيادا بولۇپ، جۇڭگو، بىرما، بىنگال، بۇتان، سىككىم، نېپال، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش.

邛 ( qióng ) ③ چيۇڭ

1. سىچۈەندە بىر تاغنىڭ ئىسمى.

2. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي جەنۇپتا ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى.

蜀 ( shǔ ) ④ شۇ

1. قەدىمقى مىللەت ۋە دۆلەت ئىسمى، ھازىرقى سىچۈەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سەل غەربى. مىلادىدىن بۇرۇن 316-يىلى چىن سۇلالىسى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، شۇ ۋىلايىتى دەپ ئاتىغان.

2. ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە لىيۇبېي تەسىس قىلغان شۇخەن دۆلىتىنىڭ ئىسمى.

3. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى.

نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدىم. باكتىرىيىلىكلەر: "سودىگەرلىرى-
مىز ھىندىستاندىن سېتىۋېلىپ كەلگەن، ھىندىستان باكتىرىيى-
نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم
كېلىدۇ، ئۇ يەرنىڭ خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئولتۇراق
ھاياتتا ياشاپ كەلگەن، ئېلىنىڭ مەيدانى پەرغانىگە تەڭ كېلىدۇ،
لېكىن يېرى ئويمان، ئىقلىمى نەم، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ئۇ
يەردىكى ئادەملەر پىلغا مىنىپ جەڭ قىلىدۇ، ئۇ دۆلەت دېڭىز-
غا يانداشىپ تۇرىدۇ" دېگەن. يەنە: "مۆلچەرىمچە باكتىرىيا
خەن سۇلالىسىدىن بىر تۈمەن ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا
بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ھىن-
دىستان دۆلىتى باكتىرىيىنىڭ بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم شەرقىي-
جەنۇبىغا جايلاشقان. شۇ (سىچۈەن) مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولۇشىغا
قارىغاندا، ئۇلار شۇ (سىچۈەن) دىن يىراقتا بولمىسا كېرەك.
ھازىر باكتىرىيىگە ئەلچى ئەۋەتىدىغان بولساق، چياڭلارنىڭ
ئىچى بىلەن ماڭدۇ. بۇ يول ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۇشكۈل،
چياڭلار ئۆتكۈزمەيدۇ. سەلغىنا شىمال بىلەن مېڭىشقا توغرا كەل-
سە، ھۇنلار تۇتقۇن قىلىدۇ. شۇ (سىچۈەن) دىن ئۆدۈل يول
بار، بۇلاڭچىلارمۇ يوق" دېگەن.

پادىشا پەرغانە ھەمدە باكتىرىيا، ئارساك قاتارلىق دۆلەتلەر-
نىڭ چوڭ دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردا قىزىقارلىق نەرسىلەر
كۆپ، خەلقىنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋات-
قانلىقىنى، ئاساسەن جۇڭگوغا ئوخشاش دېھقانچىلىق قىلىدىغانلىقىنى،
لېكىن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى، خەن سۇلالىسىنىڭ
مەھسۇلاتلىرىنى ئەتىۋا كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شىمالىدا
ئۇلۇغ ياۋچىلار، كانگالارنىڭ بارلىقىنى، ھەربىي جەھەتتە ئۇلار-
نىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، مال - دۇنياغا قىزىقتۇرۇپ جەلپ
قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە قارىتىش كېرەكلىكىنى، ئۇلارنى سىلىق-
چە بېقىندۇرالىغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى تۈمەن چاقى-

ۋىم يەرلەرگىچە كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى، تىلىدىن - تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق يىراق يەرلەردىكى يات ئەللەرگىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى كەڭ تارقىتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، جاڭ چيەننىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق تېپىپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرگەن. شۇنداق قىلىپ شۇ (سىچۈەن) چيەنۋېي① ئىككى ۋىلايەتتىن جەتتەللەرگە ئەلچىلەر ماڭدۇرۇش توغرىسىدا جاڭ چيەنگە بۇيرۇق بەرگەن. ئەلچىلەر تۆت يولغا بۆلۈنۈپ تەڭلا يولغا چىققان. ماڭ②، زو③، شى④، چيۇڭ، بو⑤ قاتارلىق قەبىلە — يەرلەردىن چىقىپ، ھەرقايسىسى بىر - ئىككى مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈشكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىمال بىلەن ماڭغانلىرى دى⑥ ۋە زو قەبىلىلىرى، جەنۇپ بىلەن ماڭغانلىرى شى⑦ ۋە كۈنمىڭ⑧ قەبىلىلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالغان.

---

① چيەنۋېي 犍为 ( qiánwéi )
شەرقىي خەن دەۋرىدە سىچۈەندىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ئىسمى، ھازىر ناھىيە بولۇپ، سىچۈەننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مىنجياڭ ۋە دايەن دەريالىرى بۇ ناھىيە تېررىتورىيىسى ئىچىدە قوشۇلىدۇ.

② ماڭ máng
زەن (冉)، ماڭ دېگەن جايلار روڭجۇۋنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

③ زو zó
قەدىمقى ناھىيە ھەم قەبىلە. سىچۈەن خەنيۈەننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

④ شى 徙 ( xǐ )
قەدىمقى سىچۈەندىكى بىر ناھىيە (قەبىلە) يەنشىگۇ سى دەپ ئىزاھلىغان.

⑤ بو 僰 ( bó )
قەدىمقى مىللەت ئاتەردىن. تارىخنامىنىڭ «غەربىي جەنۇپتىكى يات قەبىلىلەر تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنىدۇ. ياشىغان يەرلىرى ھازىرقى سىچۈەننىڭ جەنۇبىي يۈننەننىڭ شەرقىي رايونلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

⑥ دى 氐 ( dī )
قەدىمقى مىللەت (قەبىلە)، بۈگۈنكى شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن دائىرىسىدە ياشىغان.

⑦ شى 嶲 ( xī )
ناھىيە. مىلادىيەدىن بۇرۇن 109 - يىلى قۇرۇلغان. بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ يۈنلۇڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا.

⑧ كۈنمىڭ 昆明 ( kūnmíng )
قەدىمقى ناھىيە، شەھەر. ھازىر يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مەركەز شەھىرى.

كۆنمىڭ ئەتراپىدىكى خەلقىنىڭ باشلىقى يوق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەن ئەلچىلىرىنى كۆرسە ئۆلتۈرەتتى ۋە بۇلايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاخىرى بۇ يولدىن زادىلا ئۆتەلمىگەن. لېكىن كۆنمىڭنىڭ غەربىدە، تەخمىنەن مىڭ نەچچە يول يىراقلىقتا پىلغا مىنىدىغان بىر دۆلەت بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى ديەنيۈې① ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. شۇ (سىچۈەن) سودىگەرلىرى، ئۇ يەرگە بېرىپ مەنئىي قىلىنغان بۇيۇملەرنى ئېلىپ سېتىپ، ئەتكەسچىلىك قىلاتتى. شۇڭلاشقا خەن سۇلالىسى باكتېرىيىگە بارىدىغان يولنى ئېچىش ئۈچۈن، ديەن دۆلىتى بىلەن ئالاقە قىلىش قارارىغا كەلگەن. ئىلگىرى خەن سۇلالىسى غەربىي جەنۇپتىكى يات قەبىلىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، چىقىم كۆپ كېتىپ، يولى راۋان بولمىغاچقا، توختىتىپ قويغان. جاڭ چيەندىن باكتىرىيا بىلەن ئالاقە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەربىي جەنۇپتىكى يات قەبىلىلەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىنى يەنە قوزغىغان.

جاڭ چيەن چىرىكچى بەگ② مەنسىۋىدە چوڭ سەنگۈن③ بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇ يەر شارائىتى، ئوت - چۆپ، سۇ بار يەرلەرنى بىلگەچكە، ۋېي چىڭنىڭ قوشۇنى ئوت - چۆپ ۋە سۇدىن قىسىلمىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن

---

① ديەنيۈې (دۆلىتى) 滇越（国）（diānyuè(guó)）
غەربىي جەنۇپتا قەدىمقى ئەللەردىن بىرى. ھازىرقى يۈننەن دىيەنچى كۆلى بۇ ئەتراپتا.

② چىرىكچى بەگ 校尉（xiàowèi）
خەن دەۋرىدە سەنگۈندىن كىچىكرەك بىر ھەربىي ئەمەل.

③ چوڭ سەنگۈن 大将军（dàjiāngjūun）
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چوڭ سەنگۈن، سەنگۈنلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى بولۇپ، قوشۇننى ۋە جەڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

جاڭ چيەنگە بىلگە تورە① دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. بۇ يۈەن شۇنىڭ 6 - يىلى (م. ب. 123 - يىلى) ئىدى. ئىككىنچى يىلى جاڭ چيەن ياساۋۇل بېگى مەنسۇپىگە كۆتۈرۈلۈپ، سەنگۈن لى گۇاڭ② بىلەن يۇۋبېيپىڭدىن③ چىقىپ، ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. ھونلار سەنگۈن لى گۇاڭنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان. قوشۇننىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولغان. جاڭ چيەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولسىمۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان ۋە ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. شۇ يىلى قىران چەۋەنداز سەنگۈن④ ھونلارنىڭ غەربىي قىسمىدىن بۇزۇپ ئۆتۈپ، بىرنەچچە تۈمەن ئادىمىنى تارمار قىلىۋغان ۋە چىلىيەن (تيەن) تېغىغا يېتىپ بارغان. كېلەر يىلى

---

博望侯 ( bówànghòu ) ① بوۋاڭ تورىسى

بىلگە تورە، نەزەرلىك تورە،

1. بوۋاڭ يەر ئىسمى بولۇپ، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

2. خەنامىنى ئىزاھلىغۇچى ئالىم يەن شىگۇ بۇ ئاتالمىنى كەڭ نەزەر ئىگىسى مەنىسىدە ئىزاھلىغان.

李广 ( lǐguǎng ) ② لى گۇاڭ

غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق سەنگۈنى، گەنسۇ چېنجىدىن. ماھىر چەۋەنداز ۋە كامانداز. ھونلارغا قارشى 70 قېتىمدىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك جەڭلەرگە قاتناشقان. لۇڭشى، بېيدى، يۇۋبېيپىڭ قاتارلىق جايلارغا ۋالىي بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇن 119 - يىلى چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن ھونلارغا قارشى يۈرۈشتە يول ئادىشىپ كېتىپ ئەيىپلەنگەندە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

右北平 ( yòuběipíng ) ③ يۇۋبېيپىڭ

ئايماق. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە بۈگۈنكى تيەنجىن شەھىرىگە قاراشلىق جىشيەن ناھىيىسى. غەربىي خەن دەۋرىدە پىڭگاڭ (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسى لىڭيۈەننىڭ غەربىي جەنۇبى) غا كۆچۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئىرتتوغرىسى تارىيىپ، بۈگۈنكى سەددىچىندىن سىرتقىدىكى شىمالىي بىلەن چېگرىلانغان. غەربىي جىن دەۋرىدە بېيپىڭ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. تارىختىن بېرى شىمالدا مۇھىم جايلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

騎将军 ( qíjiāngjūn ) ④ چەۋەنداز سەنگۈن

ئاتلىق قوشۇنلار سەنگۈنى.

قۇنشارخان① ئادەملىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. جىنچېڭ②، خېشى③ ئىككى ۋىلايىتىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تاغ - نەنشەندىن ئوپئۇرغىچە ھۇنلاردىن ئەسەر قالمىغان. بەزىدە ھۇنلاردىن چارلىغۇچىلار كەلسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز كەلگەن. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن خەن سۇلالىسى ھۇن تەڭرىقۇتىنى قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قوغلىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا ۋۇدى جاڭ چيەندىن باكتىرىيا تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى كۆپ سۈرۈشتە قىلغان. بۇ ۋاقىتتا مەنسۇپتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان جاڭ چيەن، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ: "پەقىر ھۇنلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىمدا، ئۇيسۇن خانىنىڭ ئىسمى كۈنبېي (كۈنبەك)④ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. كۈنبېينىڭ دادىسى

---

浑邪王 ( húnxiéwáng )

① قۇنشارخان
ھۇن خانلىرىدىن.

金城 ( jīnchéng )

② جىنچېڭ
غەربىي خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان قەدىمقى ناھىيىلەردىن بولۇپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

河西 ( xīhé )

③ دەريا غەربى
1. قەدىمقى رايون. چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە سېرىق دەريانىڭ ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئىككى ئۆلكە ئارىلىقىدىكى ئېقىمىنىڭ جەنۇپ قىسمىنىڭ غەربى؛ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئىككى ئۆلكە دائىرىسىدىكى سېرىق دەريا ئېقىمىنىڭ غەربى يەنى دەريا غەربى كارىدورى بىلەن خۇاڭشۇي ۋادىسى؛ شىمالىي سۇلالە دەۋرىدە ئوتۇمەن ھازىرقى سەنشى لۈيلىياڭشەن غەربىدىكى سېرىق دەريانىڭ شەرق - غەرب ئىككى قىرغىقى.

2. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ھەربىي - مەمۇرىي خاراكتېرلىق رايون. مىلادى 1710 - يىلى دەريا غەربى ۋالىيلىقى تەسىس قىلىنغان، ۋىلايەت مەركىزى لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ۋۇۋېي) ئىدى. تېررىتورىيىسى گەنسۇ دەريا غەربى كارىدورىغا باراۋەر كېلەتتى. ئەنلۇشەن توپىلىڭىدىن كېيىن تۇفانلارغا (تىبەتلىكلەرگە) قارىدى.

昆莫 ( kūnmò )

④ كۈنبەك، كۈنبېي
ئۇيسۇنلارنىڭ خانى.

هۇنلارنىڭ غەربىدە كىچىك بىر دۆلەت قۇرغان ئىكەن. هۇنلار
هۇجۇم قىلىپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن، كۈنبېيىنى دالىغا تاشلىۋەت-
كەن. گۇش چىشلىگەن قاغا ئۈستىدە ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن.
چىشى بۆرە كېلىپ ئېمىتكەن. بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان
تەڭرىقۇت بۇ بالىغا ئەۋلىيالار مەدەت قىلىپتۇ دەپ بېقىپ چوڭ
قىلغان. قۇرامىغا يەتكەندە، تەڭرىقۇت ئۇنى قوشۇنغا باش قىلىپ
ئۇرۇشقا سالغان. ئۇ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن، تەڭرىقۇت ئاتى-
سىنىڭ ئېلىنى كۈنبېيىغا قايتىدىن تاپشۇرۇپ بېرىپ، غەرپ (ئەل)
تەرەپنى داۋاملىق ساقلاشقا بۇيرۇغان. كۈنبېي ئېلىنى تاپشۇرۇ-
ۋېلىپ تەربىيىلىگەن. ئەتراپتىكى كىچىك شەھەرلەرگە ھۇجۇم
قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتقان، بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەرگە
ئىگە بولغان، ئۇلارغا ئەسكىرىي تەلىم بەرگەن. تەڭرىقۇت ئۆل-
گەندىن كېيىن، كۈنبېي ئېلىنى باشلاپ يىراق يەرلەرگە كۆچ-
كەن، ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ، هۇنلارغا بېقىندى بولۇشنى خالى-
مىغان، هۇنلار ئويلىنمىغان يەردىن قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم
قىلغان بولسىمۇ يېڭەلمىگەن. تەڭرى يولەۋاتىدۇ دەپ ئۇنىڭدىن
يىراق كەتكەن. هۇنلار ئۇنى كونتورۇل قىلىشنى ئويلىغاچقا
كۆپ هۇجۇم قىلمىغان. بۇ كۈنلەردە تەڭرىقۇت خەن (سۇلالىسى)
دىن يېڭىلگەچكە، بۇرۇن قۇنشار تۇرغان يەرلەر بوش قالغان.
يەدتۇيي قەبىلىلەر خەن (سۇلالىسى) نىڭ بايلىقلىرىغا قىزىقىدۇ،
ھازىر مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ مىقداردا
مال - دۇنيا بېرىش يولى بىلەن ئۇيسۇننى ئۆز تەرىپىمىزگە
تارتىپ، ئۇلارنى شەرققە — قۇنشارنىڭ ئەسلى يەرلىرىگە كۆ-
چۈپ كېلىشكە، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشقا ئۈن-
دەش كېرەك. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ئۇيسۇنلار بىزنىڭ
سوزىمىزنى ئاڭلىشى مۇمكىن. سوزىمىزگە كىرىپ، بىزنىڭ پىكىرى-
مىز بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسا، هۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى
ئۈزۈۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇيسۇن بىلەن بىرلىشىدىكەنمىز، ئىككى
تەربىدىكى باكتىرىيا قاتارلىق دولەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قول-

غا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خەن (سۇلالىسى) نىڭ تاشقى ۋەزىرلىرى (بېقىندى ئەللىرى) گە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ" دېگەن. پادىشا ۋۇدى بۇنى توغرا تاپقان ۋە ئۇنىڭغا نەۋكەر بېشى① مەنسىۋى بەرگەن. جاڭ چيەن ئۈچ يۈز كىشىگە باش بولۇپ، كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات ئېلىپ، ئون مىڭدىن ئوشۇق قوي - كالا ھەيدەپ، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەنگە يارايدىغان ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ، ئەلچىلىك دەستىگى تۇتقان نۇرغۇن نائىب ئەلچىلەر بىلەن يولغا چىققان. زورۇر تېپىلغاندا يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورناتقان.

جاڭ چيەن ئۇيسۇنغا كەلگەن، ئۇيسۇن خانى كۈنبېي خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ھۇن تەڭرىقۇتلىرىدەك② مۇئامىلە قىلغان. جاڭ چيەن ئىززا تارتقان، ناھايىتى خاپا بولغان. يات قەبىلىلەرنىڭ مال - دۇنياغا ھېرىسلىقىنى بىلگەچكە: "پادىشا سىلىگە قىممەتلىك سوغىلار ئەۋەتكەن، ئەگەر سىلى تازىم بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالمىسىلا، سوغىلارنى ئېلىپ كېتىمىز" دېگەن. كۈنبېي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم بىلەن سوغىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان. باشقا قائىدە - يوسۇنلار بۇرۇنقىدەكلا بولغان.

جاڭ چيەن پادىشانىڭ يوليورۇغىغا بىنائەن ئۇنىڭغا: "ئۇيسۇنلار ئەگەر شەرققە كۆچۈپ، قۇنشار زېمىنىغا ئولتۇراقلاشسا، خەن پادىشاسى كۈنبېيغا خوتۇنلۇققا خانىكىچىسىنى③ بېرەتتى" دېگەن. بۇ ۋاقىتتا

① نەۋكەر بېشى 中郎将 ( zhōnglàngjiáng )
پادىشا خاس مۇھاپىزەتچى نەۋكەرلىرىنىڭ باشلىقى.

② تەڭرىقۇت 单于 ( chányú )
ھۇنلاردا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار تەڭرىقۇت دېيىلىدۇ. تەڭرىقۇت — تەڭرى ئوغلى مەنىسىدە بولۇپ، ئۇلۇغ، بۈيۈك دېمەكتۇر.

③ خانىكىچە 翁主 ( wēnzhǔ )
پادىشا، خاقان، سۇلتانلار ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ قىزى. پادىشا، خاقان، سۇلتانلارنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى چوڭ خانىكە، ھەمشىرى باش چوڭ خانىكە دېيىلەتتى.

ئۇيسۇنلار بولۇنۇپ، خانى قېرىپ قالغان. خەن سۇلالىسىدىن يىراقتا بولغاچقا خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنلارغا ئۇزۇن ۋاقىت بېقىندى بولۇپ ياشىغان ھەمدە يېقىن بولغان، چوڭ بەگلىرىنىڭ ھەممىسى ھۇنلاردىن قورققاچقا، شەرققە كۆچۈشنى خالىمىغان، خانمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالماي قالغان. جاڭ چيەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن. كۈنبېينىڭ ئون نەچچە ئوغلى بولغان، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى دارو① بولۇپ، قابىلىيەتلىك، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن بىلەن باشقا بىر يەردە تۇراتتى. دارونىڭ ئاكىسى ۋەلىئەھد قىلىنغان. ئۇنىڭ سەنچۈر② ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان. ۋەلىئەھد بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئاتىسى كۈنبېيغا: "مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەنچۈر ۋەلىئەھد تەيىنلەنسە، باشقا كىشى بولمىسا" دەپ ئىلتىماس قىلغان. كۈنبېي قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ماقۇل بولغان. ۋەلىئەھد ئۆلگەندىن كېيىن، سەنچۈر ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلەنگەن. ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلەنمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خاپا بولغان دارو دەرھال باشقا ئىنىلىرىنى چاقىرىپ قوشۇن باشلاپ ئىسيان چىقىرىپ، سەنچۈرگە ۋە كۈنبېيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان.

ياشانغان كۈنبېي دارونىڭ سەنچۈرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن دائىم ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن بېرىپ، ئۇنى باشقا بىر جايغا ئولتۇرغۇزغان. كۈنبېي بىر تۈمەندىن ئارتۇقراق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغان. شۇندىن باشلاپ خانلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن، خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن كۈنبېي باشقۇرغان. شۇ سەۋەبتىن كۈنبېي ئۆز ئالدىغا جاڭ چيەن بىلەن كېلىشىم تۈزەلمىگەن.

① دارو 大禄 (dàlù)
ئۇيسۇن خانى كۈنبېنىڭ ئون نەچچە ئوغۇللىرىدىن بىرى.

② سەنچۈر 岑娶 (cénqǔ)
ئۇيسۇن خانى كۈنبېنىڭ نەۋرىسى.

جاڭ چيەن پەرغانە، كانگسا، ئۇلۇغ ياۋچى، باكتىرىيا، ئارساك، ھىندىستان، ئۇدۇن (خوتەن)، دەندان - ئويلىك (كىما) ۋە باشقا يېقىن ئەتراپتىكى خوشنا خانلىقلارغا نائىب ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. ئۇيسۇن يول باشلىغۇچى ھەم تىلماچ بېرىپ جاڭ چيەننى قايتۇرۇپ يولغا سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇيسۇنلار جاڭ چيەنگە ئۇلاپ ئەلچىلەرنى قوشقان، بىرنەچچە ئونلىغان ئاتلارنى بېرىپ، پادىشاغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ، يەر - زېمىنلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇغان.

جاڭ چيەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سورۇنبېگى① (تەشرىپاتچىلىق) مەنسىۋى بېرىلگەن، ئورنى 9 ۋەزىرلىك دەرىجىسىدە تۇرغۇزۇلغان. بىر يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلگەن.

خەن خەنىنىڭ ئوچلۇقىنى، بايلىقىنى كۆرگەن ئۇيسۇن ئەلچىلىرى قايتىپ كېلىپ خانىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئېغىر دىققەت - ئېتىۋار بىلەن قارىغان. يەنە بىرەر يىلدىن كېيىن جاڭ چيەن ئەۋەتكەن نائىب ئەلچىلەر باكتىرىيە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر خەن (سۇلالىسى) بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىغان، لېكىن غەربىي ئەللەرنىڭ يولىنى دەسلەپ جاڭ چيەن ئاچقانلىقتىن يوقۇرى كىشىنا ۋەتلە نىچە ئىدى، كېيىن غەربىي ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى دىكۇدەك بىلگە تورە بىزنى ئەۋەتكەن دەپ، چەتئەللىكلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، شۇ تۈپەيلى چەتئەللەرمۇ بولارغا ئىشەنگەن.

---

① سورۇنبېگى، تەشرىپاتچى 大行 (dàxíng) يوردىغا ئەندىن - ئەندىن مېھمانلارنى كۈتكۈچى ئەمەلدار.

بىلگە تۇرە جاڭ چيەن ئۆلگەندىن كېيىن، خەن (سۇلالىسى)
ئەلچىلىرىنىڭ ئۇيسۇنغا ھەمدە ئۇيسۇننىڭ جەنۇبى ئارقىلىق پەر-
غانە، ياۋچىلارغا ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرغانلىقىنى، خەن
(سۇلالىسى)نىڭ ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ تۇرغانلىقىنى
ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن ھونلار ئۇيسۇنغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشكەن ئۇيسۇنلار خەنگە ئەل-
چى ئەۋەتىپ ياخشى ئاتلارنى سوۋغا قىلغان ھەمدە خەن سۇلالىسى
خانىكىچىسىگە ئۆيلىنىش، قۇدىلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان. پادىشا
ۋۇدى ئۇلۇغ ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەن، ۋەزىرلەر: "ئالدى
بىلەن تويلۇقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئاندىن خانىكىچىنى بېرەيلى"
دەپ مەسلىھەت بېرىشكەن. دەسلەپ خەن پادىشاسى پال سالدۇر-
غان، پالدا "تۇلپار ئات① غەربىي شىمالدىن كېلىدۇ" دېيىلگەن.
ئۇيسۇن ئاتلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى "تۇلپار ئات"
دەپ ئاتىغان. كېيىن پەرغانە ئاتلىرىغا ئىگە بولغان. بۇ ئۇيسۇن
ئاتلىرىدىنمۇ قاۋۇل بولغاچقا، ئۇيسۇن ئاتلىرىنى "ئارغىماق" ئات-
لار، پەرغانە ئاتلىرىنى "تۇلپار ئات" دەپ ئاتىغان. شۇندىن
باشلاپ خەن (سۇلالىسى) لىيەنجۈي② نىڭ غەربىدە مۇداپىئە
قورغىنى سېلىپ، جيۇچۈەن③ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. شۇ
ئارقىلىق غەربىي شىمالدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلغان ھەم-

---

① تۇلپار، ئارغىماق　　神马 ( shénmǎ ) = 天马 ( tiānmǎ )
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پەرغانە تەرەپلەردە ياخشى ئات چىققانلىقى ئۈ-
چۈن بۇ ئەللەردىكى ئاتلارنى تۇلپار، ئارغىماق دەپ ئاتىلاتتى.

② لەنجۈي　　令居 ( liánjū )
قەدىمقى ناھىيىلەردىن، غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى
گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭدېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

③ جيۇچۈەن، سۇجۇ، شىچكۇ بۇلاق　　酒泉 ( jiǔquán )
ۋىلايەت. م. ب. 121 - يىلى خۇن خانى قوشنارخان تەسىس قىلغان. ۋىلا-
يەت مەركىزى لۇفۇ (جىن دەۋرىدە فۇلۇ، سۈي دەۋرىدە جيۇچۈەن، چىڭ دەۋ-
رىدە سۇجۇغا ئۆزگەرتىلگەن) ئىدى. 1913 - يىلى قايتا جيۇچۈەنگە ئۆزگەر-
تىلدى.

، ئارساك، ئانتوزىس، رىم، ئانتىيوكىيە ① (ئەرەپ)، ھىندى قاتار-
لىق دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. پادىشا
پەرغانە ئېتىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئات ئېلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەل-
چىلەر ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان. ھەر قېتىملىق ئەلچى كۆپ
بولغاندا نەچچە يۈز، ئاز بولغاندا يۈزنەچچە ئادەم بولغان.
يوللار ئېلىپ بارغان سوغا ـ ھەدىيەلەر جاڭ چيەننىڭ ۋاقتىدى-
كىگە ئوخشاش بولغان. كېيىن غەربىي شىمالنىڭ ئەھۋالى بىلەن
تونۇشۇپ كەتكەچكە، ئەلچى ئەۋەتىش بارغانسېرى ئازايغان،
خەن (سۇلالىسى) ئەلچىسى ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون
نەچچە تۈركۈم، ئاز بولغاندا 5 ـ 6 تۈركۈم بولۇپ قالغان.
يىراق ئەللەرگە كەتكەن ئەلچىلەر 8 ـ 9 يىلدا، يېقىنغا كەت-
كەنلىرى بىرنەچچە يىلدا قايتىپ كەلگەن.

بۇ ۋاقىتلاردا خەن سۇلالىسى يۇي بەگلىكنى بويسۇندۇرغان،
شۇ ۋىلايىتى ئارقىلىق بارغىلى بولىدىغان غەربىي جەنۇبتىكى يات
قەبىلىلەر ② قاتتىق ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن. خەن سۇلالىسىگە
ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشكەن.

---

安塔基亚 ( āntǎjīyà ) ① ئانتىيوكىيە

«ۋېي لۇي» ناملىق كىتابتىكى شيەندۇ (xián 督)، «ۋېينامە»، رىم تەزكىرى-
سى» ھەم باشقا كىتابلارنىڭ رىم تەزكىرىسىدىكى ئەندۇ (安都) دېگەن
جاي، شۇنىڭدەك «قىسقىچە ۋېينامە»دە، ئارساك زېمىنىدىكى ئەنگو شەھىرى
ھەم ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي ساھىلىغا جايلاشقان، تارىختا ئانتىيوك دەپ
ئاتالغان، ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئانتاكىيە ناملىق شە-
ھەر. قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئانتاكىيىگە قارىتىلغان.

西南夷 ( xīnányí ) ② غەربىي جەنۇبتىكى يات مىللەتلەر

خەن دەۋرىدە بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ غەربىي، سىچۈەننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسىم-
لىرى ھەم يۈننەن، گۇيجۇ ئەترابلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر مۇشۇ نام بىلەن
ئاتالغان.

شۇنىڭ بىلەن پادىشا ۋۇدى يىجوۋ①، يۇەسۇي② زاڭكې③، چېنلى④، ۋېنشەن ۋىلايەتلىرىنى قۇرۇپ، بۇ يەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ باكترىيىگە تۇتاشتۇرماقچى بولغان ۋە بىر يىل ئىچىدە بەي شىچاڭ، لۈي يۇەرېنلاردىن ئىبارەت تۆت نەچچە تۈركۈم ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، بۇ يېڭى تەسىس قىلىنغان ۋىلايەتلەر ئارقىلىق باكترىيىگە بارماقچى بولغان. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كۇنمىڭگە بارغاندا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالغان، ئۆلتۈرۈلگەن، پۇل - ماللىرى تالانغان، زادىلا باكترىيىگە بارالمىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن خەن پادىشاسى پايتەخت ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ گۇناھكارلىرىنى بوشىتىپ ئەسكەرلىككە ئالغان، بۇ-

---

① يىجوۋ 益州 (yìzhōu)

1. ئايماق. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس [illegible] بولۇپ، [illegible]

[illegible] بىر قىسمى [illegible].

2. [illegible] غەربىي خەن دەۋرىدە [illegible] 109 - يىلى [illegible] 3 [illegible] دەۋرىدە [illegible]

[illegible]

② يۇەسۇي 越嶲 (yuèsuí)

[illegible] غەربىي خەن (م. ب. 111 - يىلى) دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] بىر قىسمى [illegible]

③ زاڭكې 牂牁 (zāngkē)

غەربىي خەن دەۋرىدە [illegible]

[illegible] ئايماق تەسىس قىلىنغان.

④ چېنلى 沈黎 (chénlí)

ئايماق. م. ب. 111 - يىلى غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. [illegible]

[illegible]

لارغا با① ۋە شۇ ئايماقلىرىنىڭ بىرنەچچە تۈمەن ئەسكەرلە-
رىنى قوشقان، گوچاڭ بىلەن ۋېي گۇاڭ ئىككى سەنگۇننى قومان-
دان قىلىپ، كۇنمىڭگە ھۇجۇم قىلغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىلى-
رىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن بۇلاڭچىلارنى، نەچچە تۈمەن ئادەملەر-
نى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ۋە ئەسىر ئالغان. كېيىن قايتىپ كەل-
گەن. ئاندىن ئەلچىلەرنى ماڭدۇرغان بولسىمۇ، كۇنمىڭگە بار-
غاندا يەنىلا قاراقچىلار چىقىپ بۇلاپ - تالىغان، يەنىلا ماڭال-
مىغان. شىمالدىن جىۋچۈەن ئارقىلىق باكتىرىياغا بارىدىغان
يول راۋانلىشىپ، ئەلچىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. چەتئەللىكلەر
خەن سۇلالىسىنىڭ سوغىلىرىغا، پۇل - ماللىرىغا قىزىقمايدىغان بو-
لۇپ قالغان.

جاڭ چيەن چەتئەلگە بارىدىغان يولنى ئېچىپ ھۆرمەتلىك
ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، كىچىك ئەمەلدارلار چەتئەلدىكى
ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىمىزگە بولغان پايدى-
سى توغرىسىدا يۇقۇرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى بولۇ-
شىنى ئىلتىماس قىلغان. پادىشا بۇ يولنىڭ ئىنتايىن يىراقلىقى،
ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇ-
تۇپ ماقۇل بولغان ۋە ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى بەرگەن، ئادەتتىكى
ئەمەلدار ۋە خەلقنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىل-
ماستىنلا، ئۇلارنى ئەلچى ئۆمىكى قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇ ئارقىلىق
ئالاقە باغلاش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بۇ ئەلچىلەر بېرىش - كې-
لىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ پۇل - ماللىرىغا خىيانەت قىلغان، پا-
دىشانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان. پادىشا مۇشۇنداق ئادەتكە
گىرىپتار بولۇپ قالغانلار ئەلچىلىك ئىشلىرىغا پىششىق بولغانلىق-
تىن، ئۇلارغا ئېغىر جازا بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا خىزمەت كۆر-

① با 巴 (bā)

قەدىمقى مىللەت ۋە بەگلىك (خانلىق). ھازىرقى سىچۈەننىڭ شەرقى، خۇبېي-
نىڭ غەربىي رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. م. ب. [illegible]- ئەسىرلەردە شۇ
رايوندا ياشىغان خەلق «با» نامى بىلەن ئاتىلاتتى.

ىستىپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا بۇيرۇغان ۋە ھۇنلارنىڭ يەنە ئەلچى بولۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولغان. ئەلچى بولىمىز دىگەنلەر بارغانسىرى كۆپەيگەن. ھۇنلار جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورقمىغان. ھەتتا ھۇنلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرمۇ چەتئەللەرنىڭ ئىشلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆككە كۆتەرگەن، پادىشا ھۇنلارنىڭ ئىچىدىكى ئوبدان تەكلىپ بەرگۈچىلەرنى ئەلچىلىككە، مۇنداقراق تەكلىپ بەرگۈچىلەرنى نائىب ئەلچىلىككە تەيىنلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەخلاقسىز كىشىلەر بەس - بەستە ھۇنلارنى دوراشقا باشلىغان. ئەلچى بولغانلارنىڭ كۆپچىلىگى كەمبەغەللەر بولۇپ، ھەممىشە دىگۈدەك پادىشانىڭ سوغىلىرىنى، چەتئەلدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغان. ھۇنلار ھەر خىل لاپ گەپلەرنى قىلغان، سۆزلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، چەتئەللىكلەر خەن ئەلچىلىرىدىن بىزار بولغان. چەتئەللىكلەر خەن لەشكەرلىرى يىراقتا، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ قاراپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەي قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. خەن ئەلچىلىرى ئاشلىقسىز قېلىپ ھۇنلاردىن نارازى بولغان، ھەتتا ھۇنلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلغان. روزان، قوس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ ئاغزىدىكى كىچىك دۆلەتلەرمۇ خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۇي ① قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنى قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوكتۇرمىدىكى ھۇن ئاتلىقلىرى غەربىي ئەلدىكى دۆلەتلەرگە كېتىۋاتقان ئەلچىلىرىمىزگە دائىم دىگۈدەك توساپ زەربە بېرىپ تۇرغان. ئەلچىلەر پادىشاغا، چەتئەللىكلەر بىلەن جۇڭگونىڭ پايدا - زىيىنىنى كۆرسىتىپ: "ھۇنلار شەھەر - قورغانلاردا تۇرىدۇ. ھەربىي كۈچى ئاجىز، ئاسان يەڭگىلى بولىدۇ" دەپ مەلۇمات يوللىغان. شۇڭا

① ۋاڭ خۇي
王恢 ( wánghuī )
خەن پادىشاسى ۋۇدى دەۋرىدە (م. ب. 108 - يىللى) روراندا قارشى يۈرۈشتە كورسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن سەلتەنەت بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن.

پادىشا ئەگەشبەگ ① جاۋپونۇ ② نى بېقىندى دۆلەت چەۋەندازـ
لىرى ھەم ۋىلايەتلەرنىڭ بولۇپ نەچچە تۈمەن قوشۇنغا قوماندان
قىلىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھۇن دەرياسى بويىغا
ئەۋەتكەن. ھۇنلار تامامەن كېتىپ قالغان. كېلەر يىلى قوسىقا
(تۇريانغا) ھۇجۇم قىلغان. جاۋپونۇ يەتتە يۈز نەپەر يېنىك ئاتـ
لىقلار بىلەن ئالدىنئالا كېلىپ، روۋران خانىنى ئەسىرگە چۈشـ
ۈرگەن، ئارقىدىنلا قوسنى ئالغان. ئەسكەرلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىـ
تىنى نامايىش قىلىپ، ئۇيسۇن، پەرغانە قاتارلىق دۆلەتلەرگە
تەھدىت سالغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاۋپونۇ جويي تۇـ
رىلىكىگە تەيىنلەنگەن. بىرقانچە قېتىم ئەلچىلىككە چىققان ۋاڭ
خۇي روۋرانلاردىن دەرت تارتقاچقا، پادىشاغا مەلۇم قىلغان. پادىـ
شا روۋرانغا قارشى قوشۇن تەيىنلەپ، ۋاڭ خۇينى جاۋپونۇغا ياردەم
بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەن. روۋران ئېلىنغاندىن كېيىن ۋاڭ
خۇيغا سەلتەنەت بېگى ③ ئۇنۋانى بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن جيۇـ
چۈەندىن قاشقۇۋۇقىچە ④ 87 ئۆتەڭ ۋە قورغانلارنى قۇرغان.

ئۇيسۇنلار تويلۇققا مىڭ دانە ياخشى ئات بېرىپ، خەن خاـ
نىكىچىسىنى ئالغان، خەن سۇلالىسى خان جەمەتىگە مەنسۇپ قىزـ
لاردىن جياگدۇ تۇرىسىنىڭ قىزى (شىجۈن) خانىكىچىنى ئۇيسۇنغا

---

① ئەگەشبەگ، ئەگەشتۆرە، ئەگەشكۈچى بەگ
从票侯 ( cóngbiāohóu )
يۈرۈشلەرگە بىرگە بارغۇچى بەگ (تۆرە).

② جاۋپونۇ
赵破奴 ( zhàopònú )
خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئەل يۈرۈشىگە ئەۋەتكەن سەركەردىلىرىدىن بىرى.

③ سەلتەنەت بەگ، ماكغال بەگ
浩侯 ( hàohóu )
سەلتەنەت سۆزى «قەدىمقى تۈركىي سۆزلۈك» تە "ماكغال" دەپ ئېلىنغان.

④ قاشقۇۋۇق
玉门 ( yùmén )
گەنسۇ ئۆلكىسى غەربىي (دەريا غەربى) كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان خوتەن قاشتاشلىرى مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلغاچقا "قاشقۇۋۇق" نامى بېرىلگەن.

بەرگەن. گۇيسۇن كۈنبېيى بۇ خانىكىچىنى ئۇلۇغ خانىش ①، مۇنلار بەرگەن قىزنى سول خانىش قىلغان. كۈنبېيى: "مەن پاشاندىم" دەپ نەۋرىسى سەنجۇرگە بۇيرۇق بېرىپ خەن سۇلالىسى خانىكىچىسى بىلەن ئۆيلەندۈرگەن. گۇيسۇن ئېلىدە ئات كۆپ بولۇپ، بايلىرى 4 - 5 مىڭ يىلقا باقاتتى.

خەن ئەلچىلىرى دەسلەپ ئارساكقا كەلگەن ۋاقتىدا، ئارساك خانى شەرقىي چېگرىسىغا يىگىرمە مىڭ چەۋەنداز ئەۋەتىپ قارشى ئالغان. شەرقىي چېگرىسى خانلىق پايتەختىدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، چېگرىدىن پايتەختكە كەلگىچەلىك يولدا ئاھالىسى نۇرغۇن نەچچە ئونلىغان شەھەرلەردىن ئۆتكەن. خەن ئەلچىلىرى قايتىدىغان ۋاقتىدا ئارساك خانى خەن ئەلچىلىرىگە ئەلچى قوشۇپ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن. ئۇلار كېلىپ خەن سۇلالىسى زېمىنىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرگەن ھەم خەن سۇلالىسىگە تۆگە قۇشى تۇخۇمى ۋە رىم سېھىرچىسىنى تەقدىم قىلغان. پەرغانىنىڭ غەربىدىكى كىچىك دۆلەتلەردىن خارەزم ②، تاجىك، پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى قوس، دەنىدان - ئويلىك، كېش ③ قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىغا ئەل-

---

皇后（huánghòu） ①خانىش، ئۇلۇغ قاتۇن

پادىشا، خاقان، سۇلتانلارنىڭ رەسمىي خوتۇنى، قاتۇن.

欢潜（huānqián） ②خارەزم

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان قەدىمقى دۆلەت، مەركەز شەھىرى ئۈرگەنچ. مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. XI ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان، تېررىتورىيىسى ئىران ۋە ئافغانىستان زېمىنىغىچە كېڭەيگەن. 1208 ۋە 1220 - يىللىرى چىڭگىزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، پادىشاسى مۇھەممەد خارەزمشاھ قاچقان. 1388 - يىلى تۆمۈرلەنگ بېسىۋالغان. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبەك خانلىرىغا قارىغان. XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پايتەختىنى خىۋەگە كۆچۈرگەن. 1873 - يىلى روسىيە ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

史国（苏薤sūfèishǐguó） ③كېش

كانگا خانى سۇفېي بۇ شەھەردە تۇراتتى، كاسان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېيىن كېشكە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر سەمەرقەندىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرىسەبزدىن ئىبارەت.

ىچى ئەۋەتىپ پادىشانى زىيارەت قىلغان. پادىشا ناھايىتى خۇشال بولغان. خەن ئەلچىلىرى يەنە سېرىق دەريانىڭ مەنبەسىنى كۆزەتكەن، دەريانىڭ مەنبەسى ئۈدۈن بولۇپ، ئۇنىڭ تاغلىرىدا قاشتېشى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن بىرئاز قېزىپ ئېلىپ كەلگەن، پادىشا قەدىمىي خەرىتە ۋە كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ مەشھۇر دەريانىڭ مەنبەسىنى قاراقۇرۇم ① تېغى دەپ ئاتىغان.

شۇ چاغدا پادىشا دېڭىز بويىلىرىنى بىرقانچە قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن، ھەممە چەتئەللىكلەرنى بىللە ئېلىپ كەلگەچكە، ئاھالىسى كۆپ ئاۋات يەرلەردىن ئۆتكەن، ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پۇل - مال، تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلغان ھەم نازۇ - نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، پادىشا، رىياقەتىدىكى مېھمانلارنى ياخشى تەمىنلەتكۈزگەن. خەن (سۇلالىسى) نىڭ بايلىقىنى، شانۇ - شەۋكىتىنى نامايەن قىلغان. چېلىش، ئاجايىپ - غارايىپ سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى كۆرسىتىلگەن. ئۇنى نۇرغۇن ئادەم كۆرگەن. پادىشا ئادەملەرنى مۇكاپاتلىغان ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىسراپ شاھانە زىياپەت ئۆتكۈزگەن، چەتئەللىك مېھمانلارغا غەزنىدىكى بايلىقلارنى كۆرسەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ بايلىقى ۋە زېمىنىنىڭ كەڭلىكى مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرغان. شۇڭا، سېھىرگەرلىك سەنئىتى، چېلىشچىلىق، ئاجايىپ - غارايىپ ئويۇنلار ھەر يىلى ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

غەربىي شىمالدىكى ئەللەردىن كەلگەن چەتئەل ئەلچىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. پەرغانىنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يىراقلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەن سۇلالىسىنى

---

① قاراقۇرۇم 昆仑 (kūnlún)

غەربىي پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شىنجاڭ، تىبەتنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتە چىڭخەي ئۆلكىسىگە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر بولۇپ، كونا بۇرمە تاغلاردىن. قاراقۇرۇم دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ 7719 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇڭغار، 7546 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇز تاغ چوققىلىرى بار. كۆپىنچە قار ۋە مۇزلار قاپلاپ تۇرىدۇ.

كۈزنگە ئېلىنغان، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە
قاتتىق مۇئامىلە قىلىشقىمۇ توغرا كەلگەن. ئۇيسۇننىڭ غەربىدىن
ئارساكقىچە بولغان دۆلەتلەر هۇنلارغا يېقىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە هۇنلار ياۋچىلارنى بۇرۇن ئەدەپلىگەچكە، قولىلىرىدا تەگ-
رىقۇتنىڭ بىر پارە خېتى بار هۇن ئەلچىلىرى، ھەممە ئەللەردە
كۈتۈلەتتى، بوزەك قىلىنمايتتى. ھالبۇكى، ھەرقايسى ئەللەرگە
بارغان خەن ئەلچىلىرى پۇل - تاۋارسىز تەمىنلىنەلمەيتتى. ئات
سېتىۋالمىسا، مىنىك ئاتلىرى بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كې-
لىپ چىقىشى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەن سۇلالىسىدىن يىراق-
لىقى ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىنىڭ مول بايلى-
قىغا قىزىققاچقا، تىجارەت قىلمىسا، ماللار قولغا كەلمەيتتى. يەنە
بىر تەرەپتىن، ئەگەر خەن ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۈتسە، هۇنلار-
نىڭ بۇرۇش قىلىپ جازالىشىدىن قورقاتتى. پەرغانە ئەتراپىدىكى
دۆلەتلەر ئۈزۈمدىن مەي ياسايتتى، بايلىرى بىر مىليون جىڭدىن
ئارتۇق مەي ساقلىشاتتى. مەيلەر بىرنەچچە ئون يىل تۇرسىمۇ
بۇزۇلمايتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى مەيگە، ئاتلىرى بىدىگە ئا-
دەتلەنگەن ئىدى. خەن ئەلچىلىرى بىدە ئۇرۇقى ئېلىپ كەل-
گەچكە، پادىشا مۇنبەت يەرلەرگە بىدە، ئۈزۈم تەرگۈزگەن. شۇ-
نىڭ بىلەن ياخشى ئاتلار كۆپەيگەن، چەتئەل ئەلچىلىرىمۇ كۆپ
كېلىشكەن. ساراي ۋە ئىستىراھەتگاھلارنىڭ ئەتراپلىرىغىمۇ پۈتۈن-
لەي تەك تىكىلگەن، بىدە تېرىلغان ۋە ناھايىتى ئوخشىغان. پەر-
غانىنىڭ غەربىدىن ئارساكقىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ تىللىرى
گەرچە ئوخشاشمىسىمۇ، ئەمما ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن بىر-
دەك بولغاچقا، ئۆزئارا ئۇقۇشاتتى. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى
دىڭگۈدەك ئوراكوز، ساقاللىق بولۇپ، سودىگەرچىلىككە ماھىر،
تىجارەتتە يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلىشاتتى. ئادەتتە ئايال-
لارنى ئەدىرلەيتتى، ئەرلىرى ئاياللارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى،
لېكىن ھەل قىلغۇچى ئەرلەر ئىدى. بۇ يەردىن يىپەك، سىر
چىقمايتتى، تۆمۈر قۇرال (ئەسۋاپ) ئىشلەشنى بىلمەيتتى. خەن

ئەلچىلىرى بىللە كەلگەن نەۋكەرلەر ئۇلارغا ئەل بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا ھەربىي قورال ئىشلەشنى ئۆگەتكەن. خەن سۇلالىسىدىن ئالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن ئەسۋاپلار ياسىغان، پۇل قىلىپ ئىشلەتمىگەن.

غەربىي ئەللەرگە بارىدىغان خەن ئەلچىلىرى بارا - بارا كۆپەيگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلچىلەرگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتكەن بىر مۇنچە ياشلار پادىشاغا: "پەرغانىدە ياخشى ئاتلار بار، ئىرشى① شەھرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىلىرىگە كۆرسەتمەيۋاتىدۇ" دەپ مەلۇم قىلغان. پادىشا پەرغانە ئاتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن، بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەك خوشال بولغان، مىڭ جىڭ ئالتۇن ۋە زەر ئات② ھەيكىلى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن باتۇر چېلىڭ③ قاتارلىقلارنى پەرغانىگە ئەۋەتىپ، پەرغانە خاندىن ئىرشىنىڭ ياخشى ئاتلىرىنى سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان. پەرغانە دۆلىتىدە خەن سۇلالىسىنىڭ مال - بۇيۇملىرى خېلى كۆپ بولغاچقا، بۇ نەرسىلەرگە ئانچە قىزىقمىغان. ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ: "خەن بىزدىن يىراقتا. ئەگەر كېلىدىغان بولسا، شور سۇلۇق چۆللەردە ھالاك بولىدۇ. شىمالدا ھۇن قاراقچىلىرى بار، جەنۇبىدا ئوت - چۆپ يوق، سۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارىلىقتا شەھەر يوق، ئادەم كۆپ، ئاشلىقى كەم، بۇرۇن يۈزلەپ كەلگەن خەن ئەلچىلىرىنىڭ يېرىمىدىن تولىسى ئاچلىقتىن ئۆلگەن. مۇنداق شارائىتتا خەن (سۇلالىسى) قانداق

① ئىرشى شەھرى
贰师城 ( èrshīchéng )
پەرغانىنىڭ قەدىمقى شەھەرلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بەرخەت دېگەن يەردە خارابىسى بار.

② زەر ئات
金马 ( jīnmǎ )
ئوردا ھەم ھەرەم دەرۋازا - ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇلغان مىستىن توكۇلگەن ئات ھەيكەللىرى — "زەر ئات" دېيىلەتتى.

③ چېلىڭ
车令 ( chēlìng )
پەرغانىگە ئات ئالغىلى بارغان خەن سۇلالىسى باتۇرلىرىدىن بىرى.

قىلىپ چوڭ قوشۇن ئەۋەتەلەسۇن؟ ئۇلار بىزگە ئامال قىلالمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبرشى ئاتلىرى پەرغانىنىڭ ياخشى ئاتلىرى
تۇرسا» دېيىشكەن. شۇڭا ئۇلار خەن ئەلچىلىرىگە نەسىللىك ئات-
لارنى بېرىشنى خالىمىغان. خەن ئەلچىسى غەزەپكە كېلىپ تىل-
لىغان ھەمدە زەر ئات ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلاپ چىقىپ كەت-
كەن. پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ غەزەپلىنىپ: «خەن ئەلچىلىرى
بىزنى كوزىگە ئىلمىدى» دەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان ۋە
خەن ئەلچىلىرىگە توساپ زەربە بېرىش، ئۆلتۈرۈش، مال - باي-
لىقنى تارتىۋېلىش توغرىسىدا شەرق قىسمىدىكى ئۇزكەنت①
خانىغا بۇيرۇق بەرگەن. خەن پادىشاسى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپ-
لەنگەن. ئىلگىرى پەرغانىگە ئەلچى بولۇپ چىققان ياۋدىڭخەن
قاتارلىقلار پادىشاغا: «پەرغانە ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز،
ئەگەر ئۈچ مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىلسىلا، كۈچلۈك ئوقيالار بىلەن
ئېتىپ، پەرغانىنى تار - مار قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن. پادىشا
ئىلگىرى جوبىي تورىسى جاۋپونۇنى رورانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەت-
كەندە، ئۇ 700 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن جەڭدە يۈرۈش قىلىپ،
روران خانىنى تۇتقۇن قىلغان ئىدى. شۇڭا پادىشا ياۋدىڭخەن
قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سوزىنى توغرا تاپقان. پادىشا ئۆزىنىڭ
ئامراق كىچىك خانىشى لى خېنىمنىڭ ئاكىسىغا تۇرلۇك ئۇنۋا-
نى قازىنىش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن لى گۇاڭلىنى② ئىبرشى

---

① ئۇزكەنت، جىززاق yǒu城 ( yǒuchéng )
پەرغانىدە بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

② لى گۇاڭلى 李广利 ( lǐguǎnglì )
(م. ب. 88 — ؟ - يىللار). غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان. جۇڭگەن (ھازىرقى شىبىي دېگەن ناھىيىسى) دىن. خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇدى زا-
مانىدا ئىبرشى سەنگۇن بولۇپ، قوشۇن بىلەن پامىردىن ئېشىپ، پەرغانىنى
يېڭىپ، 3 مىڭ ئوياق ئات ئالغان. كېيىن ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشتە يېڭىلىپ
تەسلىم بولغان، ئۇزۇن ئوتمەي ھۇن بەگلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

سەنگۇن① قىلىپ، ئىچكىدىكى خانلىقلار قوشۇنىدىن 6 مىڭ چە-
ۋەنداز ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن بىرقانچە تۈمەن توغرا
يولدا ماڭمىغان ياشلارنى ئايرىپ بېرىپ، پەرغانىگە جازا يۈرۈ-
شى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئىرشى شەھرىگە بېرىپ، ئارغىماق ئات-
لارنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان. شۇڭا، (لى گۇاڭلىنى)
"ئىرشى سەنگۇن" دەپ ئاتىغان. جاۋشىمچىڭ قوشۇنغا ھەربىي
يارغۇچى،② بۇرۇنقى سەلتەنەت بەگ ۋاڭ خۇي قوشۇنغا يول
باشلىغۇچى بولغان. لى دو چىرىكچىسى بەگ بولۇپ، قوشۇننىڭ
ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

بۇ يىلى تەيچۇ③ يىلنامىسىنىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادىدىن
بۇرۇن 104 - يىلى) ئىدى. گۇەندۇڭ④ تەرەپلەردە چېكەتكە
ئاپىتى يۈز بېرىپ، غەربكە دۇخانغىچە يېتىپ كەلگەن.

ئىرشى سەنگۇن قوماندانلىقىدىكى قوشۇن غەربكە لوپنۇردىن
ئۆتكەندىن كېيىن، يول ئۈستىدىكى كىچىك دۆلەتلەر قورقۇپ،

---

① ئىرشى سەنگۇن 贰师将军 (èrshījiāngjūn)
ئىرشى يۈرۈشىدە سەنگۇن لى گۇاڭلى تەيىنلەنگەنلىكتىن ئۇنى ئىرشى سەن-
گۇن دەپ ئاتىغان.
(بېگۇ كونى ئاددىيلىغا قاراڭ).

② ھەربىي ھەقەم، ھەربىي يارغۇچى 军正 (jūnzhèng)
قوشۇننىڭ ... ھەربىي ... (سوت ...).

③ تەيچۇ 太初 (tàichū)
يىلنامە: 1. خەن سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى (م. ب. 104 — 101 - يىللار)؛
2. ... چىن سۇلالىسى ... يىلنامىسى 386 — 394 - يىللار؛ 3.
غەربىي چىن سۇلالىسى ... يىلنامىسى 388 — 400 - يىللار؛
جەنۇبىي لياڭ سۇلالىسى ... يىلنامىسى 397 — 399 - يىللار؛
جەنۇبىي سۇلالە ... يىلنامىسى، ... 453 - يىل.

④ گۇەندۇڭ 关东 (guāndōng)
... (تۈنشەل) ... بولۇپ، چىن، خەن، تاڭ دەۋرىدە پاي-
تەختنىڭ ... 函谷关 ... 
... (潼关) ... گۇەندۇڭ دېيىلەتتى.

شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇلارغا ئاشلىق، يەم - خەشەك بېرىشكە ئۈنىمىغان، خەن قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالالمىغان. شەھەرنى ئالغانلار ئاشلىققا ئېرىشكەن، شەھەرنى ئالالمىغانلار بىرقانچە كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن، تاشلاپ ئۆز يولىنى داۋام قىلدۇرغان. ئۆزگەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، ئاران بىر نەچچە مىڭ ئەسكەر قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسى ئاچ، ھارغىن ئىدى. ئۆزگەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەردىكىلەر قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، خەن قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلغان. ئۆلگەنلەر، يارىدار بولغانلار كۆپ بولغان. ئىرشى سەنگۈن بىلەن لى دو، جاڭ شىجيەك قاتارلىقلار كېڭىشىپ: "ئۆزگەنتتەك كىچىك شەھەرنى ئالالمىدۇق. خاننىڭ پايتەختىنى قانداق ئالىمىز؟" دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى باشلاپ قايتقان. بۇ جەرياندا ياردى - كەلدى بولۇپ ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتكەن. دۇخاندا قايتىپ كەلگەندە قوشۇننىڭ ئوندىن بىر - ئىككىسىلا قالغان. ئادەم ئەۋەتىپ پادىشاغا ئەھۋال مەلۇم قىلىنغان: "يول يىراق، ئاشلىق يوق، ئەسكەرلەر جەڭدە ئۆلمىدى، ئاچلىقتىن قىرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ئاز، پەرغانىنى ئېلىشقا كۈز يەتمىدى. ھازىرچە چېكىنىپ، ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىپ، قايتا ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز" دېگەن. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان پادىشا ئادەم ئەۋەتىپ قاشقوۋۇقتا (يۇيمېن) ئۇلارنى توسقان: "قوشۇن قاراۋۇلدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن، كاللىسى ئېلىنسۇن!" دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قورقۇپ كەتكەن ئىرشى سەنگۈن دۇخاندا تۇرۇپ قالغان.

شۇ يىلى يازدا خەن سۇلالىسى جويې تورىسى جاۋپونو قوماندانلىقىدا ئىككى تۈمەندىن ئوشۇق قوشۇننى ھۇنلارغا قارشى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھۇنلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزۇرالار پەرغانىگە بولغان ھەربىي يۈرۈشنى توختىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇنلارغا زەربە بېرىشنى كېڭەشكەن. لېكىن خەن پادىشاسى ۋۇدى پەرغانىنى بويسۇندۇرۇش

قارارىغا كەلگەن، چۈنكى پەرغانە بىر كىچىك دۆلەت، ئۇنىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنمىسا، باكتىرىيا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلماي قويىدۇ. پەرغانە ئېتىنى زادىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇيسۇن، بۇگۇر①لەرمۇ خەن ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدۇ. چەتئەللىكلەر خەن سۇلالىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. شۇڭا پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي قارشى چىققۇچى دىڭ گۇاڭ قاتارلىقلار جازاغا تارتىلغان. زىندانلاردىكى جىنايەتچىلەر ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇلار ئەسكەرلىككە قاتناشتۇرۇلغان. لۈكچەك ياشلاردىن ھەم چېگرىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەردىن زور قوشۇن تەشكىل قىلىنىپ، بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە دۇنخاندىن 60 مىڭ ئادەم يۈرۈش قىلغان. شەخسىي تىجارەت بىلەن ئەسكەرلەرگە ئۆزلۈكىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇندىن باشقا يەنە يۈز مىڭ تۇياق كالا، 30 مىڭ تۇياقتىن ئوشۇق ئات، ئاشلىق ئارتىلغان ئېشەك، خېچىر، تۆگىلەر ئون نەچچە مىڭغا يەتكەن. تەمىنات، يەم - خەشەك يېتەرلىك، قورال، ئوقيالار تولۇق ھازىرلانغان. پۈتۈن دۆلەت غەلىيانغا كەلگەن. ئىشلارغا قارىغاندا، بۇيرۇق بويىچە پەرغانە يۈرۈشىگە 50 نەپەردىن ئارتۇق چېرىكچى بەگ دەرىجىلىك ئەمەلدارلار چاقىرتىلغان. پەرغانىنىڭ شەھەر ئىچىدە قۇدۇق يوق ئىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي شەھەر سىرتىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى. شۇڭا سۇ ئىشچىلىرىنى ئەۋەتىپ، شەھەرنىڭ تېشىدىكى سۇ يولىنى ئۆزگەرتىپ، سۇنى باشقا ياققا ئاقتۇزۇۋەتكەن ۋە سۇ يولىنى بويلاپ يەر ئاستىدىن لەخمە كولاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان. جيۇچۈەن، جاڭيې②نىڭ شى-

---

仑头 ( lúntóu )

① بۇگۇر

قەدىمقى زاماندا ئىچكى ئۆلكىدىكىلەر بۇگۇرنى لۇنتۇ دېيىشەتتى.

张掖 ( zhāngyè )

② جاڭيې

م. ب. 111 - يىلى تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې ۋىلايىتىنىڭ غەربىي - شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

غالىبغا جۈيەن،① شۈتۇق② قاتارلىق ئۆرۈنلارنى تەستىس قىل-
غان ۋە ئۇ يەرگە 180 مىڭ قوشۇن يوتكەپ جيۇچۈەننى
قوغدىغان، دولەت بويىچە جىنايەتچىلەرنى يوتكەپ ئېرشى
سەنگۈنگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئاشلىق توپ-
شۇغۇچى خادىملار ۋە هارۋىلار دۇخانىغىچە بولغان ئارىلىقتا
ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان. يەنە ئىككى نەپەر ئات تونۇيدىغان
كىشىنى سالغۇچى ۋە ئات تاللىغۇچى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ،
پەرغانىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئارغىماق ئاتلارنى ئېلىشقا
تەييارلاتقان.

شۇڭا، ئېرشى سەنگۈن ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا
ئەسكەر كۆپ بولغانلىقتىن، بارغانلا يەردە كىچىك دولەتلەر
ئۇلارنى قارشى ئالغان، ئەسكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن.
ئۇلار يۇگۇرگە بارغاندا قارشىلىققا ئۇچرىغان. بىرنەچچە كۈن
جەڭ قىلىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. ئۇ يەردىن غەرپكە
قاراپ مېڭىپ 30 مىڭ خەن ئەسكىرى پەرغانە شەھرىگە تىنچ-
ئامان يېتىپ بارغان. پەرغانە ئەسكەرلىرى خەن ئەسكەرلىرىگە
قارشى ئۇرۇش قىلغان، خەن ئەسكەرلىرى ئوقيا ئېتىپ ئۇلارنى يەڭ-
گەن، پەرغانە ئەسكەرلىرى چېكىنىپ شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە
قىلغان. ئېرشى سەنگۈن ئۆزكەنت شەھرىگە هۇجۇم قىلماقچى
بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرۈش توختىتىلسا پەرغانە يەنە باش-
قا هىيلە ئىشلىتىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئاۋال پەرغانىگە
هۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۇ
مەنبەسىنى ئۈزۈپ، سۇ يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، پەرغانىمۇ مۇها-

---

①جۈيەن 居延 (jūyán) دەريا ئىسمى.

②شۈتۇق 休屠 (xiūtú) هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ۋىلايىتى مىنچىڭ ناهىيىسىنىڭ شەرقىدە بىر كۆلنىڭ ئىسمى.

سىرىگە چۈشۈپ قېلىش ئەندىشىسىدە قالغان. شەھەر مۇھاسىرىگە
ئېلىنىپ 40 نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىنغان. تاشقى شەھەر ئېلىنىپ،
پەرغانە ئىسلازادىلىرىنىڭ پالۋانى جانىمىر قولغا چۈشۈرۈلگەن. قاتتىق
ۋەھىمىگە چۈشكەن پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرى ئىچ شەھەرگە چېكىنىپ كېڭىشىپ: "قان (خان) ئۆگە تۇلپارلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ،
خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن. بىز خاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇلپارلارنى
چىقىرىپ بەرسەك، خەن ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىنى بوشىتىشى مۇم-
كىن. ئەگەر كېلىشەلمىسەك، يەنە بىر قاتتىق جەڭ قىلساقمۇ
ئۆلگۈرمىمىز" دېيىشكەن. پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنى
توغرا كۆرگەن ۋە خان ئۆگەنى بىرلىكتە ئۆلتۈرگەن. ئىسلازا-
دىلەردىن تەيىنلەنگەن كىشىلەر ئۆگەنىڭ بېشىنى ئەپكېلىپ
ئىرشى سەنگۈن بىلەن كۆرۈشكەن، سۈلھى تۈزۈشمەكچى بولۇپ:
"خەن قوشۇنى ھۇجۇمنى توختاتسا، بىز تۇلپارلارنى چىقىرىپ
بېرىمىز، ئۆزەڭلار تاللىۋالسىلەر ۋە خەن قوشۇنلىرىنى ئاشلىق
بىلەن تەمىنلەيمىز. ئەگەر كۆنمىسەڭلار، پۈتكۈل تۇل-
پارلارنى قىرىپ تاشلايمىز. كاڭگادىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن-
لارمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەن
ھامان، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ئىچ تەرەپتىن، كاڭگا قوشۇنلىرى
سىرت تەرەپتىن خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. قايسىسىدا
تۇرىسىلەر؟" دېگەن. بۇ ۋاقىتتا كاڭگا خەن قوشۇنلىرىنىڭ
كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ، ئالغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغان.
ئىرشى جاۋشىچېڭ، لى دو قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ: "پەرغانە
شەھىرىدە يېڭىدىن ئەسىر چۈشكەن خەنلىكلەرنىڭ قۇدۇق قېزىش-
نى بىلىدىغانلىقىنى، شەھەردە ئاشلىق كۆپلۈكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.
بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەقسىدى باش جىنايەتچى ئۆگە-
نى ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۆگەنىڭ كاللىسى كەلتۈرۈلدى. ئەگەر
ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ ئۇرۇشنى توختاتمىساق، ئۇلار
جەزمەن قاتتىق مۇداپىئە قىلىدۇ. كاڭگا خەن ئەسكەرلىرى ھارغان
ۋاقىتتا پەرغانىگە ياردەمگە كېلىپ، خەن قوشۇنىنى چوقۇم تار-

مار كەلتۈرىدۇ" دېگەن. ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بۇنى
توغرا تاپقان ۋە پەرغانىنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولغان. پەرغانە
ئاتلارنى چىقىرىپ، خەنلىكلەرنىڭ تالىشىۋېلىشىغا يول قويغان
ۋە خەن قوشۇنلىرىنى ئوزۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن.
خەن قوشۇنلىرى ياخشى ئۇلپارلاردىن بىرنەچچە ئون تۇياقنى
ۋە ئوتتۇراھال ئاتلاردىن ئايغىر، بايتال بولۇپ 3 مىڭدىن
ئوشۇقراقىنى تاللاپ ئالغان. پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرىدىن خەنپەرەس
مەساي ئاتلىق كىشىنى پەرغانىگە خان قىلىپ قويغان ھەم-
ـدە توختام تۈزۈپ، ئۇرۇشنى توختاتقان. ئاخىرىدا ئىچكى شە-
ھەرگە كىرەلمەستىنلا قوشۇننى ئېلىپ قايتقان.

باشتا ئېرشى دۇخاندىن چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا
ئادەم كۆپ، يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەر ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ
كېتەلمەسلىكىن دەپ، قوشۇننى بىرقانچىگە بۆلۈپ، جەنۇبىي ۋە
شىمالىي يول بىلەن يۈرۈش قىلغان. چېرىكچى بەگ ۋاڭ شىن-
شېڭ بىلەن سابىق مۇراسىمبەگ ①خۇچۇڭگولار مىڭدىن ئوشۇق
ئادەم باشقا يول بىلەن ئۇزكەنت شەھرىگە بارغان، شەھەر
مۇداپىئەسىدىكىلەر ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمىگەن. ۋاڭ شىنشېڭنىڭ
چوڭ قوشۇن بىلەن ئارىلىقى ئىككى يۈز چاقىرىم كېلەتتى.
ئۇ دۈشمەننى سەل چاغلاپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ، ئۇزكەنت شەھ-
رىگە قاراملىق بىلەن ھۇجۇم قىلغان. ئۇزكەنتلىكلەر ۋاڭ شىن-
شېڭنىڭ ئەسكىرى كۆپ ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ قالغان ۋە ئەتىگەندە
ئۈچ مىڭ ئادەم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ۋاڭ شىنشېڭ قاتار-
لىقلارنى ئۆلتۈرگەن، قوشۇن تارمار بولغان، بىرقانچە
ئادەم قۇتۇلۇپ، ئېرشى سەنگۇننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان. ئېر-
شى ھەربىي تەمىنات تۇتۇقبېگى ②شاڭ گۇەنجىيىنى ئۇزكەنت

---

① مۇراسىمبەگ
مۇراسىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.
鸿胪 ( hónglú )

② ھەربىي تەمىنات تۇتۇقبېگى
خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇدى تەسىس قىلغان ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى
باشقۇراتتى.
搜粟都尉 ( sōulìdūwèi )

شەھەرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۆزكەنت شەھىرى مەغلۇپ بولغان، ئۆزكەنت خانى كانگاغا قاچقان، شاڭ گۈەنجى ئۇنى كانگاغىچە قوغلاپ بارغان. خەن قوشۇنلىرىنىڭ پەرغانىنى تار مار قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كانگا ئۆزكەنت خانىنى تۇتۇپ بەرگەن، شاڭ گۈەنجىيى ئۇنى باغلاپ تۆت نەپەر ئاتلىق ئەسكەرگە ھەيدىتىپ ئۇلۇغ سەنگۈنگە ئەۋەتكەن. يولدا بۇ تۆت ئەسكەر كېڭىشىپ: "ئۆزكەنت خانى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، چاتاق بولىدۇ" دېيىشكەن ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. لېكىن ھېچكىم بىرىنچى بولۇپ قول سالالمىغان. ئەڭ يېشى بولغان شاڭگۈي چەۋەندازى جاۋدى شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆزكەنت خانىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ جاۋدى، شاڭ گۈەنجىيلەر چوڭ سەنگۈنىڭ قوشۇنلىرىغا يېتىشىۋالغان.

دەسلەپ ئىبرشى ئىككىنچى قېتىم يولغا چىققاندا، پادىشا ئۇيسۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەسكەر چىقىرىپ، پەرغانىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېلىشكەن. ئۇيسۇن ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ ياردەمگە كەلگەن، لېكىن ئىككىلىنىپ ئالغا باسمىغان. ئىبرشى سەنگۈن غەلبە قىلىپ قايتقاچقا، پەرغانىنىڭ يېپىڭلىكەنلىكىنى ئاڭلىغان يول بويىدىكى كىچىك دۆلەتلەر پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىگە سوغا تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇلارنى پادىشانى زىيارەت قىلىش ۋە شۇ يەردە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان.

ئىبرشى پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، ھەربىي ھەكەم جاۋشىچىڭ جەڭلەردە كۈچ چىقىرىپ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن؛ شاڭ گۈەنجى دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلىگەن. لى دو جەڭ پىلانلىرىنى تۈزگەن. قوشۇن قايتقاندا قاشقوۋۇقىقا 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم، مىڭدىن ئارتۇق ئات يېتىپ كەلگەن. ئىبرشى ئىككى قېتىم يۈرۈشكە چىققاندا، ئاشلىق جەھەتتىن قىسىلمىغان، ئۇرۇش

ئىنتايىن كۆپ ئادەم ئۆلگەن، پەقەت ئەمەلدارلارنىڭ خىيانىتى
ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلەرنى قەدىرلىمەسلىكى، ئەسكەرلەرنىڭ
تەمىناتىغا خىيانەت قىلىشى نەتىجىسىدە كۆپ ئۆلۈپ كەتكەن.
پادىشا بۇ ئەمەلدارلارنىڭ يىراقنى چەك قىلغانلىقىنى نەزەرگە
ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلمىغان. لى گۇاڭلىغا
خەيشى تورىسى ئۇنۋانى بېرىلگەن. ھەربىي يارغۇچى جاۋشىچىڭ
دانشىلىققا① تەيىنلەنگەن. شاڭگۇەنجې غەزنە بېگى② قىلىپ
تەيىنلەنگەن. لى دو شاڭداڭ ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ھەربىي ئەمەل
دارلاردىن توققۇز ۋەزىرلىك③ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەر ئۈچ
كىشى، بەگلىكلەر ۋەزىرلىكىگە ھەم ۋالىلىققا كۆتۈرۈلگەنلەر يۈز-
دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلارغا 15·000 چارەكلىك
يەر، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە 7·500 چارەكلىك يەر سۇيۇرغال④

---

① دانشىلىق
光禄大夫 ( guānglùdàfū )
مەشۇرەت - كېڭەش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

② غەزنە بەگ (بۇيرۇق)
小府 ( shàofǔ )
ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، چىن، خەن دەۋرىدە داۋام
ئەتتۈرۈلگەن. ۋ ۋەزىرلىكنىڭ بىرى. تاغ - دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىرىمىگە،
خاقان جەمەتىگە قاراشلىق قول سانائەتلىرىگە مەسئۇل ئىدى. شەرقىي خەن دەۋ-
رىدە ئوردىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، جاۋاھىرات قاتارلىق نەرسىلەرگىمۇ مەسئۇل
قىلىندى.

③ توققۇز ۋەزىرلىك
九卿 ( jiǔqīng )
چىن ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇراسىمبەگ (太常)، كەپتاۋۇل (郎中)،
ياساۋۇلبەگ (卫尉)، مىراخور (太仆)، خان جەمەت ئىشلىرى بېگى (宗正)
غەزنە بۇيرۇغى (少府)، ئەدلىيە بۇيرۇغى (廷尉)، سالمى ئىشلار بۇيرۇغى
(典客)، مالىيە - ئىقتىسات بۇيرۇغى (大司农) ھەم 治粟内史 لاردىن
ئىبارەت ۋە ۋەزارەت مەركەزلىك مەمۇرى ئىدارىلەرنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى.

④ سۇيۇرغال
封地 ( fēngdì )
قەدىمقى زامانلاردا ھەم كېيىنكى زامانلارغىچىلىك سىپاھلارغا، ئۇرۇشلارغا
كەتكەن قوماندان - تۆرىلەرگە ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئۆشرىنى ئېلىش
ئۈچۈن ئايرىلغان يەر.
سۇيۇرغال ئىگىلىرى شۇ يەرلەرنى تېرىغۇچى دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى ھساۋىغا
ياشايتتى.

قىلىنغان. جەڭدە كۈچ چىقىرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئۈستىلىرىدىن ئۈستۈنرەك ئەمەل بېرىلگەن. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇغان. جەڭگە قاتناشقان ھەر بىر ئەسكەرگە بېرىلگەن ئىنئامنىڭ قىممىتى 40 مىڭ يارماققا يەتكەن. پەرغانىگە ئىككى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىنغان. ئومۇمەن ھەربىي يۈرۈش 4 يىل داۋام قىلغان.

خەن سۇلالىسى قوشۇنى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ، مەسايىنى① پەرغانە خانى قىلىپ قايتقان. بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پەرغانە ئاقسۆڭەكلىرى مەسايىنى خوشامەتكوي، ئېلىمىزنى قىرغىنچىلىققا ئۇچراتتى دەپ مەسايىنى ئۆلتۈرۈشكەن ۋە ئۇگەنىڭ ئىنىسى چاپېننى② پەرغانە خانى قىلىپ بەلگىلىشكەن. ئوغلىنى خەن ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى سوغا-سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ پەرغانىلىكلەردىن ھال سورىغان ۋە تەسەللىي بەرگەن.

خەن سۇلالىسى يەنە ئاجايىپ-غارايىپ بۇيۇملارنى تېپىپ كېلىش ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانە يۈرۈشى تۈپەيلى قازانغان شان-شۆھرىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن پەرغانىنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرگە ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتكەن. دۇخاندا جيۇچۈەن تۇتۇقبېگى تەسىس قىلىنغان. غەرپتە لوپنۇرغىچە مەنزىل ئۆتەڭلەر قۇرغان. بۈگۈرگە بىرنەچچە يۈز نەپەر دېھقانچىلىق قىلدۇرغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق قىلدۇرغان يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەمەلدار بېكىتىلگەن، بۇ ئارقىلىق چەتئەلگە بارىدىغان ئەلچىلەر تەمىنلەنگەن.

---

① مەساي
昧蔡 (mīcài)
پەرغانە خانى ئۇگە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پەرغانىگە خان بولغان خەنپەرەس بەگلەردىن.

② چاپېن
蝉封 (chánfēng)
پەرغانىنىڭ خەنپەرەس خانى مەساي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولغان ئۇگەنىڭ نەۋرە ئىنىسى.

ئاپىرىدىن:

«شىيۇي تەزكىرىسى» دە: "سىرتى دەريا قاراقۇرۇمدىن باشلىنىدۇ. قاراقۇرۇمنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مىڭ بەش يۈز نەچچە چاقىرىم بولۇپ، ئۇ قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى توساپ تۇرىدۇ. شەرۋەت بۇلىقى①، قاشتاش كۆلى② نامىلىق بۇلاق - كۆللىرى بار" دەپ يېزىلغان. جاڭ چيەن باكتىرىيىگە ئەلچى بولۇپ چىققاندىن كېيىن، دەريانىڭ باش مەنبەسىنى كۆزەتكۈچىلەر شىيۇي تەزكىرىسىدىكى قاراقۇرۇم دىگەن تاغنى نەدە كۆرۈپتىكەن؟ جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىسى جەھەتتە سالنامىدىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر ئىشەنچىلىك. «شىيۇي تەزكىرىسى» ۋە «تاغ - دەريالار قامۇسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئىشىنەلمەيمەن.

---

醴泉 ( fēngquán )

① شەرۋەت بۇلىقى

«شىيۇي تەزكىرىسى» نامىلىق كىتاپتا: "قاراقۇرۇم تاغلىرىدا خۇشپۇراقلىق شەرۋەت بۇلىقى بار" دەپ يېزىلغان.

瑶池 ( yáochí )

② قاشتاشكۆل

«شىيۇي تەزكىرىسى» نامىلىق كىتاپتا: "قارا قۇرۇم تاغلىرىدا قاشتېشى چىقىدىغان كۆل بار" دەپ يېزىلغان.

ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى تەرجىمىسى

بەن گۇ

# خەننامە

## ۋېي چىڭ، خوچۇيبىڭ تەزكىرىسى

( پىكىر ئېلىش نۇسخىسى )

شىنجاڭ داشۆې ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 24
تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش
تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى

1983 - يىل ئىنىۋار

تەرجىمە مۇھەررىرلىرى: ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى
قاسىم ئارشى

# خەننامە① 55 - جىلد

## ۋېي چىڭ، خوچۈيبىڭ تەزكىرىسى

ۋېي چىڭنىڭ② يەنە بىر ئىسمى جۇڭ چىڭ. ئاتىسى جېڭ جى،

---

① خەننامە 汉书 (hànshū)

كىتاب ئىسمى. ئاپتورى شەرقىي خەن دەۋرىدە ياشىغان بەن گۇ. كىتاب 100 قىسىم بولۇپ، 230 جىلدكە ئايرىلغان. ئىلىمىزدە دەۋرلەرگە بۆلۈپ تارىخ يېزىش بويىچە تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپ بەن بياۋ «تارىخنامە»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە «كېيىنكى تەزكىرىلەر» قىلىپ يازغان. بەن بياۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى بەن گۇ رەتلەپ قوشۇمچە قىلىپ «خەننامە» بولۇپ چىققان. كىتابتىكى 8 جەدۋەل، ئاسترونومىيە قىسمى چالا قېلىپ، بەن گۇنىڭ سىڭلىسى ئالىمە بەن جاۋ ھەم ماشۇيلەر يېزىپ تاماملىغان. ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ئاساسەن تارىخنامىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ كىتاب غەربىي خەن دەۋرىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيالدۇر.

② ۋېي چىڭ (م. ب. 106 — ؟ يىللار) 卫青 (wèiqīng)

غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق سەنگۈنى. خېدۇڭ (بۈگۈنكى شەنشى) پىڭياڭلىق، ۋېي خانىشنىڭ ئىنىسى. خەن پادىشاسى ۋۇدىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنگە بولۇپ، مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلغان، ئۇنۋانى چوڭ سەنگۈن، چاپچىك تورلىكىگە تەيىنلەنگەن. م. ب. 137 - يىلى ھۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ھۇنلارنى يېڭىپ، خېتاۋ رايونىنى كونتىرول قىلغان. م. ب. 119 - يىلى خوچۈيبىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە زەربە بەرگەن. ئۇ جەمى 7 قېتىم يۈرۈشكە چىقىپ، خەن سۇلالىسىنى ھۇنلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتقۇزغان.

خېدوڭ① پىڭياڭلىق②، ئۇ ناھىيە ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، پىڭياڭ بېگىنىڭ ئۆي خىزمەتكارى بولغان. پىڭياڭ بېگى ساۋشۇ خەن پادشاسى ۋۇدى③ نىڭ ئاچىسى چوڭ خانىكە④ ياڭشىن

---

①خېدوڭ، دەريا شەرقى

河东 ( hédōng )

قەدىمقى يەر ئىسمى، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى؛ تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئومۇمەن پۈتۈن شەنشى ئۆلكىسى خېدوڭ دېيىلگەن. سېرىق دەريا بۇ يەردە شىمالدىن - جەنۇبقا بىر لىنىيە ھاسىل قىلىپ ئاقىدۇ - دە، بۇ رايون دەريانىڭ شەرقىدە قالىدۇ. ئۇ تۈپەيلى دەريا شەرقى دەپ ئاتالغان.

②پىڭياڭ

平阳 ( píngyáng )

چىن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ناھىيە بولۇپ، بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى لىنفېننىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

③خەن ۋۇدى

汉武帝 ( hànwǔdì )

م. ب. 87 — 156 - يىللار، ئىسمى ليۇچې، خەن پادىشاسى جىڭدىنىڭ ئوغلى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى. م. ب. 87 — 140 - يىللار ئارىلىقىدا 54 يىل ھۆكۈمدار بولغان. كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنىڭ ھامىيسى. ۋۇدى دەۋرىدە سودا، مېتاللىچىلىق، تۇزچىلىق، دېھقانچىلىق راۋاجلانغان، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلغان، يول تۈزۈلگەن، غەربىي شىمالغا خەلق كۆچۈرگەن. جاڭ چيەننى غەربىي ئەلگە ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، غەربىي ئەلگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىنى كۈچەيتكەن. غەربىي جەنۇبتىكى يات مىللەتلەر ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 7 ۋىلايەت تەسىس قىلغان. ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ سەنگۈنلەر ئارقىلىق ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ شىمالدىكى تەھدىتىنى يوقاتقان. ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە دىنىي پائالىيەتلەرنى، نەزىر - تەزالارنى كۆپ ئۆتكۈزۈپ، ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىشى، ئالۋان - سېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن دېھقانلار زور كۆلەمدە خانىۋەيران بولغان. تيەنخەن يىلنامىسىنىڭ 2 - يىلى (م. ب. 99 - يىلى) چى، چۇ، يەن، جاۋ، ھەم تەيشەن قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغان.

④خانىكە

公主 ( gōngzhǔ )

پادشا، خاقان، سۇلتانلارنىڭ قىزى.

بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. جېڭ جى پىڭياڭ بېگى ئائىلىسىدىكى دېدەك ۋېي جۈۋان بىلەن شەھۋانى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭدىن ۋېي چىڭ تۇغۇلغان. ۋېي چىڭنىڭ ئانا بىر ۋېي چاڭجۈن ئىسىملىك بىر ئاكىسى، زىفۇ ئىسىملىك بىر ئاچىسى بولغان. زىفۇ پىڭياڭ خانىشىنىڭ ئۆيىدە خەن ۋۇدىنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېي چىڭ پەمىلىسىنى ۋېي دەپ ئۆزگەرتىۋالغان. ۋېي جۈۋاننىڭ چوڭ قىزى جۈنرۇ، ئىككىنچى قىزى شاۋئېر، ئۈچىنچى قىزى زىفۇ بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى بۇگۇاڭمۇ پەمىلىسىنى ۋېيغا ئۆزگەرتىۋالغان.

ۋېي چىڭ پىڭياڭ بېگىنىڭ قۇلى بولغان. بالا ۋاقتىدا ئۆز ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن، ئاتىسى ئۇنىڭغا قوي باقتۇرغان. ئاتىسىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ بالىلىرى ئۇنى قۇل ئورنىدا كۆرگەن، ئاتا بىر قېرىندىشى ھېساپلىمىغان. بىر كۈنى ۋېي چىڭ بىرسى بىلەن گەنچۈەن ئوردىسىدىكى نازارەتخانىغا بېرىپ قالغان، بىر گۇناھكار ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ: "سەن ئىسىلزادىلەردىن ئىكەنسەن، مەنسىۋىڭ ئۆرلەپ تورە بولىدىكەنسەن" دېگەن. ۋېي چىڭ كۈلۈپ: "مەن دېدەكتىن تۇغۇلغانمەن، تاياق ۋە ئاھانەتكە ئۇچرىمىسام بولدى، ماڭا تورىلىك نەدە تۇرۇپتۇ" دېگەن.

ۋېي چىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، پىڭياڭ بېگىنىڭ ئۆيىدە چەۋەنداز نوكەر بولۇپ، پىڭياڭ بېگىنىڭ مۇلازىمى بولغان. جيەنيۈەننىڭ 2 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇن 139 - يىلى) ئەتىيازدا خەن ۋۇدى ۋېي چىڭنىڭ ئاچىسى زىفۇنى ئەتىۋالاپ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەن. خانىش — خەن ۋۇدىنىڭ ھامماچىسى داچاڭ خانىشىنىڭ قىزى بولۇپ، تۇغماس، ھەسەتخور ئىدى. خانىشكە داچاڭ ۋېي زىفۇنىڭ پادىشاغا يېقىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەسەت قىلغان. شۇڭا ئادەم ئەۋەتىپ ۋېي چىڭنى قولغا ئالدۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ۋېي چىڭ نەزارەت قەسرىدە خىزمەت قىلاتتى، تېخى نامى

چېقىشقان ئىدى. خانغا داچاڭ ئۇنى سۆلتىپ قويغان ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولغان. لېكىن ئۇنىڭ دوستى چەۋەنداز نوكەر گۈڭسۇن ئاۋ ۋە باشقا پالۋانلار ئۇنى قاچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈمدىن قالغان. بۇ ئەھۋالنى خەنۋۇدى ئاڭ-لاپ، ۋېي چىڭنى چاقىرتىپ نەزاپەت قەسرىنىڭ مۇپەتتىشى① ۋە ياساۋۇلى② مەنسىۋىگە قويغان. ھەتتا ئۇنىڭ ئانىسى، ئاكا-ئۇكىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە بېيىپ كەتكەن. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مىڭ جىڭ ئالتۇن ئىنئام ئالغان. چوڭ ئاچىسى جۈنرۇ مىراخورۇ③ گۈڭ-سۇن خېغا ياتلىق قىلىنغان. ئىككىنچى ئاچىسى شاۋئېر بۇرۇن چېن جاڭ بىلەن شەھۋانى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلىق-تىن، پادىشا چېن جاڭنىمۇ ھۆرمەت ۋە بايلىققا ئىگە قىلغان. گۈڭسۇن ئاۋ ۋېي چىڭنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى بېيىپ كەتكەن. زىغۇ كىچىك خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن. ۋېي چىڭ كېڭەشچىسى بولغان.

يۈەنگۇاڭنىڭ④ 6 - يىلى (م. ب. 129 — 134 - يىللار) ۋېي چىڭ ھارۋا - ئاتلىقلار سەنگۈنى⑤ بولغان، ھۇنلارغا ھۇجۇم

---

① مۇپەتتىش، نەزارەت قىلغۇچى
监 ( jiān )
ئوردا - سارايدا نەزارەت ئىشلىرىنى قىلغۇچى ئەمەلدار.

② ياساۋۇل
侍中 ( shìzhōng )
ئوردىغا كىرىپ - چىقالايدىغان، پادىشا ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدار.

③ مىراخور، مىرئاخور
太仆 ( tàipū )
چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشانىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار، دەسلەپ چۇنچيۇ دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان.

④ يۈەنگۇاڭ
元光 ( yuánguāng )
يىلنامە: 1. خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى، مىلادىدىن بۇرۇن 129 — 134 - يىللار.
2. جىن سۇلالىسى پادىشاسى شۈەنزوڭنىڭ يىلنامىسى، مىلادى 1222 — 1223 - يىللار.

⑤ ھارۋا - ئاتلىقلار سەنگۈنى
车骑将军 ( chēqíjiāngjūn )
قەدىمقى زاماندا جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغۇچى سەنگۈن.

قىلىش ئۈچۈن شاڭگۇدىن① يولغا چىققان؛ گوڭسۇنخې يېنىك
هارۋىلىقلار سەنگۈنى② بولۇپ، يۈنجۇڭدىن③ يولغا چىققان؛ كېڭەش
بېگى گوڭسۇن ئاۋ چەۋەنداز سەنگۈن بولۇپ، دەي④ ۋىلايى
تىدىن يولغا چىققان؛ ياساۋۇلبېگى لى گۇاڭ ئالپ چەۋەنداز سەنگۈن

---

① شاڭگۇ 上谷 (shǎnggǔ)

ۋىلايەت. ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە يەن دۆلىتى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. شاڭگۇ ۋىلايىتى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى جاڭجىياكۇ، كىچىك ۋۇتەي تېغىنىڭ شەرقى، چېچىڭ، بېيجىڭ شەھىرى، يەنچىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربى ھەم ئىچ سەددىچىن ۋە چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② يېنىك ھارۋىلىقلار سەنگۈنى 轻车将军 (qīngchējiāngjùn)

ئۆتمۈشتە ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يېنىك جەڭ ھارۋىلىرىغا قوماندانلىق قىلغۇچى سەنگۈن.

③ يۈنجۇڭ 云中 (yúnzhōng)

ۋىلايەت. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى تۇمەت خوشۇنىنىڭ شەرقى، داچىڭ تېغىنىڭ جەنۇبى، جۇزى ناھىيىسىنىڭ غەربى، سېرىق دەريانىڭ جەنۇبى ساھىلى ۋە سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

④ دەيجۈن ۋىلايىتى، دەيجۈن 代郡 (dàijùn)

ۋىلايەت. ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە جاۋ بېگى ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. چىن، غەربىي خەن دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى دەي ناھىيىسى (بۈگۈنكى ۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى)دە بولغان. غەربىي خەن تېررىتورىيىسى ئىچىدە — بۈگۈنكى خېبېي خۇۋەيەن، ۋېي ناھىيىسىنىڭ غەربى، سەنشى ياڭگاۋ، خۇنيۈەن شەرقىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سەددىچىن ئارىلىقىدىكى يەرلەر ھەم سەددىچىن تېشىدىكى دۇڭيالاڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شىمالدا ھۇنلار، ئۇغانلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شىمالدىكى مۇھىم ۋىلايەت ھېسابلىناتتى. ۋۇيۈەن، چاڭئەن قاتارلىق ئۆتكەللىرى بار ئىدى.

⑤ ئالپ چەۋەنداز سەنگۈن 骁骑将军 (xiāoqíjiāngjùn)

ئوردا - سارايني مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئالپ چەۋەنداز قوشۇن دېيىلەتتى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىرى ئالپ چەۋەنداز سەنگۈن دېيىلەتتى.

بولغان ۋە يەنمېن⑥ قوۋۇقىدىن يولغا چىققان. ھەرقايسى قوشۇنلاردا ئومۇمەن چەۋەنداز بولغان. ۋېي چىڭ لوڭچېڭگە يېتىپ بېرىپ، ھۇنلارنىڭ نەچچە يۈز ئادىمىنى يوقاتقان؛ چەۋەنداز سەنگۇن گۇڭسۇن ئاۋنىڭ قوشۇنىدىن 7 مىڭ ئادەم چىقىم بولغان؛ ياساۋۇل بەگ لى گۇاڭ ھۇنلارغا ئەسىر چۈشكەن ۋە قېچىپ قايتىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولسىمۇ، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان، لېكىن ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. گۇڭسۇن خېمۇ خىزمەت كۆرسەتمىگەن. پەقەت ۋېي چىڭلا قوۋۇق ئىچى تۇرىسى① دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. ھۇنلار چېگرىغا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. ھۇنلار تەزكىرىسىگە قارالسۇن.

يۈەنشو②نىڭ 1-يىلى (م. ب. 122-يىلى) باھاردا ۋېي كىچىك

---

⑥يەنمېن 雁门 ( yànmén )

ۋىلايەت، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە جاۋ بەگلىكى ۋۇلىڭۋاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. چىن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى شەنيۈ (يۈگۈنىڭ سەنشى يۈيۈي ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى)دا بولغان. ھازىرقى شەنشى خېچۈي، ۋۇسەي، نىڭۋۇ قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ شىمالى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ خۇاڭچېخەي، دەيخەي جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي خەن دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى يىنگۇەن (ھازىرقى شەنشى دەي ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)گە، ئۈچ دۆلەت ۋېي دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى گۇاڭۋۇ (ھازىرقى دەي ناھىيىسىنىڭ غەربى)غا يۆتكەلگەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. داي يېغانىسى (م.ك. 605 — 618 - يىللار)، ھەم تاڭ دەۋرىدىكى تيەنباۋ يىلنامىسى (م. ك. 742 — 756 - يىللار)، جىدې يىلنامىسى (586 — 583 - يىللىرى) دەيجوۋ يەنې يەنمېن ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

①قوۋۇق ئىچى تۇرىسى 关内侯 ( guānnèihóu )

چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆزلۈكسىز بەگلىك دەرىجىلىك رۇتبىنىڭ 19 - سى، يەنى بولۇپمۇ ئالىي تۆرەدىن قالسىلا بۇ قوۋۇق ئىچى تۇرىسىدۇر، ئادەتتە مەلۇم ساندا ئويلۇك يەر سوۋغىغا قىلىپ بېرىلىدۇ.

②يۈەنشو 元朔 ( yuánshuò )

خەن سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى. (م. ب. 123 — 128 - يىللار)

خانىش (زىفۇ) بىر ئوغۇل تۇغقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن. شۇ يىلى كۈزدە ۋېي چىڭ يەنە ئۈچ تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ، يەنمېن قوۋۇغىدىن يولغا چىققان؛ لى شى دەي ۋىلايىتىدىن چىققان. ۋېي چىڭ ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى يوقاتقان. 2 - يىلى ۋېي چىڭ يەنە يۈنجۇڭدىن يولغا چىقىپ، غەرپتە گاۋجۇيگە① بېرىپ، لۇڭشىگە قەدەر ھۇجۇم قىلغان، ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئالغان، مىليونىدىن ئوشۇق چارۋا - مال ئولجا ئالغان. بەيياڭ، لۇفەن② خانى قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خېنەن (دەريا جەنۇبى)③ رايونىدا

---

高阙 ( gāojuè ) ① گاۋجۇي

قەدىمقى يەر نامى. ئىچكى موڭغۇلنىڭ ھاڭگىن ئارقا خوشۇنىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. يىڭشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلىدۇ. ئۇرۇشقاق دەۋلەتلەر دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ ۋۇلىڭ ۋاڭ شىمالغا كېڭەيگەندە يىڭشەن تېغى بويلاپ سەددىچىننى مۇشۇ يەرگىچە ياسىغان؛ غەربىي خەن دەۋرىدە ۋېي چىڭ سەنگۈن مۇشۇ يەردىن يۈرۈش قىلىپ، ھۇن ئوڭ بەگلىك خانى بىلەن ئۇرۇشقان.

楼烦 ( lóufán ) ② لوۋفەن

1. قەدىمقى بىر دەۋلەت. بۈگۈنكى شەنشىنىڭ كوتا باۋدې ناھىيىسىنىڭ نىڭۋۇ ۋىلايىتى ھەم كېيىن ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. قەدىمقى مىللەت. چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى شەنشىنىڭ نىڭۋۇ، كېيىن قاتارلىق يەرلىرىدە ياشىغان، چەۋەندازلىققا ماھىر بولۇپ چارۋىچىلىق قىلاتتى. چىن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ھۇنلارغا قارىغان ۋە سۈرۈلۈپ يايلىقىغا ئورۇنلاشقان. م. ب. 127 - يىلى ۋېي چىڭ سەنگۈن لوۋفەنلەرنى بويسۇندۇرغان.

河南 ( hénán ) ③خېنەن، دەريا جەنۇبى

قەدىمقى يەر نامى. 1. سېرىق دەريانىڭ جەنۇبى، a. ئۇرۇشقاق دەۋلەتلەر دەۋرىدىكى خەن (韩)، ۋېي بەگلىكلىرىدىكى دەريا جەنۇبى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. b. «يۈگۇڭ، تۈزاملىرى» ناملىق كىتابتا تىلغا ئېلىنغان خېنەن ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنى نەزەردە تۇتىدۇ. c. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ تەۋەلىرىنى خېنەن دەپ ئاتىلاتتى. 2. قەدىمقى نامىيە، خەن دەۋرىدە قۇرۇلغان نامىيە بولۇپ، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى جيەنشۈيىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. 3. ئۆلكە نامى.

شۇفاڭ ①ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان، ۋېي چىڭگە چاڭپىڭ②
تۆرىلىكى بېرىلگەن ۋە ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال
قىلىنغان. ۋېي چىڭنىڭ چېرىكچى بېگى سۇجيەن پىڭلىڭ③ تۆرە-
لىكىگە، جاڭ سىگوڭ ئەنتوۋ④ تۆرىلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەمدە سۇجيەن
شۇفاڭ شەھىرىنى سېلىشقا ئەۋەتىلگەن. پادىشا: "ھۇنلار تەڭرىنىڭ
ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەدەپ - قائىدىسىنى بۇزدى، قېرى-
لارغا قوپال مۇئامىلىدە بولدى، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ،
بەدئۆيى قەبىلىلەرنى ئالداپ، ئەسكەر ئېلىپ، سۇيىقەست بىلەن
ئۇرۇش قوزغاپ چېگرىغا كۆپ قېتىم ئاپەت يەتكۈزدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەسكەر ۋە سەركەردىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى جازالىدىم."
جەڭنامىدە: "سۈرۈپ - قوغلاپ ھۇنلارنى، تەيۋەنگە يېتىپ
باردۇق"، يەنە "جەڭ ھارۋىسىن ھەيدەپ، شىمالغا سېپىل سوق-
تۇق" دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ مانا بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ھارۋا-

---

朔方 ( shuòfāng ) ① شۇفاڭ

قەدىمقى ناھىيە ۋە ۋىلايەت، غەربىي خەن دەۋرىدە م. ب. 127 - يىلى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ گوخاڭجىن خوشۇنىنىڭ شىمالىدا تەسىس قىلىنغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي تەڭرىقۇتى بىر بۆلۈم ئادەملىرىنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان.

长平 ( chángpíng ) ②چاڭپىڭ

قەدىمقى ناھىيە، غەربىي خەن دەۋرىدە، بۈگۈنكى خېنەن شىخۇانىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان.

平陵 ( pínglíng ) ③پىڭلىڭ

قەدىمقى ناھىيە، غەربىي خەن دەۋرىدىكى بەش پاشالىق قەۋرىستان-لىقنىڭ بىرى. خەن پادىشالىرىدىن جاۋدى بۇ ناھىيىدە قەۋرىستانلىق ياساتقان. ناھىيىنىڭ ئورنى شەنشى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، جاۋدى ئۆلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە كۆمۈلگەن.

岸头 ( àntóu ) ④ئەنتوۋ

قەدىمقى يەر ئىسمى. بۈگۈنكى شەنشى خېجاڭ ناھىيىسىدە.

ئاتلىقلار سەنگۈنى ۋېيچىڭ شىخې① دەرياسىدىن ئۆتۈپ،
گاۋچۈيفىچە باردى. 2 مىڭ 3 يۈز دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ،
ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئات - ھارۋا، ھەربىي لازىمەتلىك نەرسىلىرى،
مال - چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا چوڭ تورى-
لىك② مەرتىۋىسى بېرىلدى. ئۇ غەربتە دەريا جەنۇبىدىكى جايلار-
نى تىنجىتتى ۋە كونا يۈيتى قەلئەسىنى تېپىپ، زىلىن چوققىسىدىن
ئۆتتى. بېيخې③ دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدى، پۇنىغا④ جازا يۈرۈشى
قىلىپ، بورىنى⑤ تارمار قىلدى. ھونلارنىڭ يېڭىنىك زەربىدار قو-
شۇنىنى يوقىتىپ، بۇكتۇرمىدىكى 3017 نەپەر چارلىغۇچى ئەسكىرىنى
ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۇلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىق قالغان - قاتقان
ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتتى، مىليوندىن ئوشۇق ئات، كالا، قويلارنى
ئولجا ئېلىپ. پۈتكۈل جەڭگىۋار كۈچىنى ساق - سالامەت ئېلىپ قايتىپ
كەلدى. شۇڭا ۋېيچىڭغا 3 مىڭ 800 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىپ
بېرىلسۇن" دېگەن. ئۇندىن كېيىنمۇ ھونلار ھەر يىلى دېگۈدەك، يەنىلا

---

西河 ( xīhé )
① شىخې
ئوردۇسنىڭ سول تەرىپى، ئەنشەنىڭ يۇرتى يۈيلىن ۋىلايىتىدە بولۇپ، سېرىق
دەريانىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقتىن، غەربىي خەن دەۋرىدە شىخې ۋىلايىتى
تەسىس قىلىنغان.

列侯 ( lièhóu )
② چوڭ تورە
چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈزۈلگەن 20 دەرىجىلىك تورىلىك رۇتبەسىنىڭ
ئاخىرقى ۋە ئالىي دەرىجىسى.

北河 ( běihé )
③ شىمال دەريا، بېيخې
چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل دېڭكۇۋ ناھىيىسىنىڭ
غەربىدە، سېرىق دەريا شىمال ۋە جەنۇب بولۇپ ئىككى تارماققا
بۆلۈنەتتى. شىمال تارمىقى ئەينى ھازىرقى ۋۇجيا دەرياسى سېرىق دەر-
يانىڭ ئاساسىي ئېقىنى بولغاچقا، جەنۇب تارمىقىغا نىسبەتەن قىلىپ، شىمال
دەريا (بېيخې) دېيىلگەن.

蒲泥 ( púní )
④ پۇنى
بىر ھون بەگلىكى.

符lí ( fúlí )
⑤ بورى
1. بەگلىك (ھون) ئىسمى،
2. قورغان ئىسمى.

دىڭشياڭ⑥ شاڭجۈن⑦ ۋىلايەتلىرىگە كىرىپ، كۆپ ئادەم-لەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلىغان. ھۇنلار تەزكىرىسىگە قارالسۇن.
يۈەنشۇ ئۆچىنچى يىلى (م. ب. 124-يىلى) باھاردا بۇيرۇق بويىچە ۋېي چىڭنىڭ 30 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن گاۋچۇيدىن يولغا چىققان. ياساۋۇلبەگ سۇجيەن ھەركەتچان قوشۇنلار سەركەردىسى① بولغان. سول مۇدەببىر② لى جۈي ئوقيالىق سەركەردە③ بولغان. ئۇلاردا مىراخورى گۇڭسۇن خې چەۋەندازسەركەردە، دەي ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلدارى بەگ لى سەي④ يېنىك ھارۋىلىق سەركەردە بولغان. بۇلار ھەممىسى ھارۋىلىق-ئاتلىقلار سەركەردىسى ۋېي چىڭغا قارىغان ۋە شۇفاڭ ۋىلايىتىدىن يولغا چىققان...

⑥ دىڭشياڭ

定襄 (dīngxiāng)

1. ۋىلايەت. غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىيەتنىڭ ئەمەلىدىكى ... چىڭشۇيخې قاتارلىق يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2. ناھىيە. غەربىي خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان. ئىچكى موڭغۇل خوخخوت شەھرىنىڭ جەنۇبىدا.

⑦ شاڭجۈن

上郡 (shàngjùn)

ۋىلايەت. ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە ۋېي بەگلىكىنىڭ ۋېنخۇاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. چىن دەۋرىدە ۋىلايەت مەركىزى فۇشى (ھازىرقى يۈلىننىڭ شەرقىي جەنۇبى). خەن دەۋرىدە ھازىرقى ۋۇدىڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسى ھەمدە ئىچكى موڭغۇلنىڭ گۇنبىتوك خوشۇنى قاتارلىق يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە سەركەردە مېڭ تيەن ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 300 مىڭ لەشكەر بىلەن ئاشۇ يەردە تۇرغان.

① ھەركەتچان قوشۇنلار سەركەردىسى

游击将军 (yóujījiāngjūn)

لەقەمى. ھەركەتلەندۈرگەن قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلغۇچى سەركەردە بولۇپ، خەن دەۋرىدە قوشۇنلار باشلاپ خاس يۈرۈشلەرگە چىقاتتى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چېگرا مۇداپىئەسىدە ھەركەتچان قوشۇنلار سەركەردىسى تەيىنلەنگەن بولغان.

② سول مۇدەببىر

左内史 (zuǒnèishǐ)

غەربىي خەن دەۋرىدە ئىچكى (مەمۇرى) ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

③ ئوقيالىقلار سەركەردىسى

强弩将军 (qiángnǔjiāngjūn)

كۈچلۈك (قوندالىق) ئوقيا قوللىنىدىغان قوشۇنلار سەركەردىسى.

④ لى سەي

李蔡 (lǐcài)

ھۇنلارغا قارشى يۈرۈشتە خىزمەت يەتكۈزگەن سەركەردىلەردىن بىرى.

بەگ لى شى، ئەنشۇ ئۇرۇسى جاڭ سىگۇئاڭلار سەنگۇن بولۇپ يۈيبىيىڭ دىن يولغا چىققان. ھونلارنىڭ ئوڭ بىلگە خانى① ۋېي چىڭ قاتار- لىقلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئوردۇلىدا ئىدى. لېكىن، ئۇ يول يې- راق، خەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ قاراپ، ھاراق- شاراب ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەن. خەن ئەسكەرلىرى كېچىسى يېتىپ كېلىپ، ئوڭ بىلگە خاننى قورشىۋالغان. چۆچۈپ كەتكەن ئوڭ بىلگە خان كېچىلەپ قاچقان. پەقەت ئۆزىنىڭ ئامراق كېچىك خوتۇنى ۋە بىرنەچچە يۈز چەۋەندازلىرى بىلەن قورشاۋنى بۇ- زۇپ، شىمالغا قاراپ كەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ يېنىك چەۋەن- داز چېرىكچى بېگى② گوچىياڭ قاتارلىقلار بىرنەچچە يۈز چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ يېتىشەلمىگەن. پەقەت ئوڭ ياردەمچى بىلگە خان- لاردىن ئون نەچچە نەپەرنى ۋە ئەر-ئاياللاردىن 15 مىڭدىن ئوشۇق خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ، مىليونلاپ مال-چارۋىنى ئولجا ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. قورۇلغا كىرگەندە، پادىشاھ ۋەكىلى ئەلچى چوڭ سەنگۇنلۇك تامغىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ۋېي چىڭنى چوڭ سەنگۇن دەپ ئېلان قىلغان. ھەممە سەنگۇنلەر قو- شۇنلىرى بىلەن ئۇنىڭ قارمىقىغا ئۆتكەن. شۇنداق قىلىپ، ۋېي چىڭ چوڭ سەنگۇنلۇك نامىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. پادىشاھ "چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ ئۆزى لەشكەر باشلاپ چىقىپ جەڭدە زور

---

① ئوڭ بىلگە خان 右贤王 (yòuxiánwáng)

ھون ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى. ئادەتتە ئېگىنلەردىن بولىدۇ. بىلگە خان — ئوڭ بىلگە خان، سول بىلگە خانلارغا بۆلۈنىدۇ.

② يېنىك چەۋەنداز چېرىكچى بەگ 轻骑校尉 (qīngqíxiàowèi)

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېنىك ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلغۇچىلار بۇ نام بىلەن يۈرۈتىلەتتى.

③ ئوڭ ياردەمچى بىلگە خان 右贤裨王 (yòuxiánbìwáng)

ھونلارنىڭ كىچىكرەك بەگ (خان) لىرىدىن.

غەلىبە قازاندى. گون نەچچە ھۇن خانىنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ۋېي چىڭغا 8 مىڭ 700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن"
دېگەن ۋە ھەممە ۋېي چىڭنىڭ ئوغلى ۋېي كاڭغا يىچۈن تورىسى،
بۇيىغا يىڭگەن تورىسى، دېيگا فاگەن تورىسى، مەرتىۋىلىرى بېرىلگەن
ۋېي چىڭ بۇنى ئۆزرە بىلەن قەتئىي رەت قىلىپ: "كەمىنىلىرى
شەرەپلىك ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوشۇندا خىزمەت قىلىپ
كەلدىم، پادىشاھى ئالەمنىڭ دانالىقىغا تايىنىپ، قوشۇن چوڭ
غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ ھەممىسى سىپاھ بەگلەرنىڭ پىداكارلىق
بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پادىشا ئالىيلىرى پېقىر ۋېي
چىڭغا ناھايىتى چوڭ سۇيۇرغال ئىنئام قىلدىلا. مېنىڭ باللىرىم
تېخى كىچىك، ھېچقانداق تۆھپىسى يوق، ئۇلارغا يەر ـ زېمىن
بېرىپ گۇڭ بەرگە تورە قىلدىلا، بۇ ھال، مېنىڭ قوشۇندا ئېھتىيات
بىلەن خىزمەت قىلىپ، لەشكەرلەرنى باتۇرلارچە جەڭ قىلىشقا
رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىمنى يوققا چىقىرىدۇ، مېنىڭ ۋېي كاڭ
قاتارلىق گۇڭ ئوغلۇم بۇ ئىنئامنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن!" دې-
گەن. پادىشا: "مەن سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قال-
مىدىم. ئۇلارنىمۇ ئويلىشىۋاتىمەن" دېگەن ۋە تەپتىش بېگىگە ①
يارلىق بېرىپ: "مۇھاپىزەتچى قوشۇن تۇتۇقبېگى ② گۇڭسۇن ئاۋ
3 قېتىم چوڭ سەنگۈن بىلەن بىللە ھۇنلارغا زەربە بەرگەن. قو-
شۇننى مۇھاپىزەت قىلىپ، بىر بولۇم كىشىلىرى بىلەن ھۇن خانىنى
قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەممەملەشكۈچى تورە③
مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. تۇتۇقبەگ ④ خەنيۈي قوشۇن بىلەن بىللە

① مۇپەتتىش، تەپتىش بەگ
御史 ( yùshǐ )
چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى تارىخ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، خەن ۋە
تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مۇپەتتىشلىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولدى.
② مۇھاپىزەتچى قوشۇن تۇتۇقبېگى
护军都尉 ( hùjūndūwèi )
ئوردا ـ سارايىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشلىرىنى ئىلغۇچى قوشۇننىڭ باشلىقى.
③ ھەممەملەشكۈچى تورە، ھەمدەم تورە
合骑侯 ( héqíhóu )
④ تۇتۇقبەگ
都尉 ( dūwéi
تۇرۇشتاق دۆلەتلەر دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، سەنگۈندىن
سەل كىچىكرەك ھەربىي سىپاھلاردىن ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋ-
رىدە ۋىلايەت تۇتۇقبېگى بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ پۈتۈن ھەربىي ئىشلىرىنى
باشقۇرۇشتا ياردەم بېرەتتى.

تېئەنخۇندىن يولغا چىقىپ خۇن ئۇلۇڭ بىلگە خانىنىڭ بارگاھىغىچە بارغان ۋە چوڭ سەنگۇن قوماندانلىقىدا جەڭ قىلىپ، بىر خۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭغا لوڭگې① تورىلىكى بېرىلسۇن. جەۋەنداز سەنگۇن گۇگسۇن خې چوڭ سەنگۇن بىلەن خۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەنجياۋ② تورىلىكى بېرىلسۇن. يېنىك ھارۋىلىق سەنگۇن لى سەي يەنە بىر قېتىم چوڭ سەنگۇن بىلەن بىللە خۇن خانىنى قولغا چۈشۈر-گەن. شۇنىڭ ئۈچۈن لى سەي لېئەن③ تورىلىكىگە تەيىنلەنسۇن. چېرىكچىبەگ لى شۈ، جاۋبۇيۈي، گۇگسۇن رۇڭنۇلار ھەرقايسى ئۈچ قېتىمدىن چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە خۇن خانىنى قولغا چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن لى شۈ جۈجۈ تورىلىكىگە، جاۋبۇيۈي سۈيچېڭ تورىلىكىگە، گۇگسۇن رۇڭنۇ سۇگېڭ تورىلىكىگە تەيىن-لەنسۇن. سەنگۇن لى جۈي، لى شى ۋە چېرىكچىبەگ دوۋرۇيى، نەۋكەر بېشى، ۋەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھپىلىرى بار، بۇلارغا قوۋۇق ئىچى تورىلىكى بېرىلىپ، لى جۈي، لى شى، دوۋرۇيىلارنىڭ ھەر بىرىگە 300 ئۆيلۈكتىن يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن" دېگەن. شۇ يىلى كۈزدە خۇنلار دەي ۋىلايىتىگە بېسىپ كىرىپ تۇتۇقبەگنى ئۆلتۈرگەن.

① لوڭگې — lónggé

ناھىيە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالغان. خەن پادىشاسى ۋۇدى خەن يۈيىنى لوڭگېغا تورە قىلغان ئىدى.

② نەنجياۋ — 南jiáo ( nánjiáo

يەر ئىسمى.

③ لېئەن تورىسى — 乐安侯 ( lèānhóu )

لېئەن قەدىمقى ناھىيە، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدە.

يائدۇرقى يىلى باھاردا، چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ دەڭشياڭدىن يولغا چىققان. ھەمدەملەشكۈچى تورە گۇڭسۇن ئاۋ ئوتتۇرات-چى سەنگۇن①، مىراخور گۇڭسۇن خې سول سەنگۇن②، يابغۇ③ جاۋشىن ئالدىچى سەنگۇن④، ياساۋۇلبەگ سۇجيەن ئوڭ سەنگۇن⑤ ئىشىك ئاغاسى⑥ لى گۇاڭ ئارقىچى سەنگۇن⑦، سول ھۇزدەي-چى لى جۇي ئوقيالىق سەنگۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سەنگۇننىڭ قارمىقىدا بولغان ۋە نەچچە مىڭ دۈش-مەننى ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن. بىرەر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت-تىن كېيىن تولار يەنە دەڭشياڭدىن چىقىپ، بىر تۈمەندىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. سۇجيەن، جاۋشىن قوشۇنلىرىدىكى 3 مىڭدىن ئوشۇق چەۋەنداز بىرلىشىپ، تەڭرىقۇت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرى-شىپ، بىر كۈن مۇستەقىل ئۇرۇش قىلغان. جاۋشىن ئەسلى ھۇن

---

①ئوتتۇرىچى سەنگۇن 中将军 ( zhōngjiāngjūn )

ھەربىي يۈرۈشلەردە ئوتتۇرىدا بارگاھنى قوغداپ ماڭغۇچى سەنگۇن.

②سول سەنگۇن 左将军 ( zuǒjiāngjūn )

يۈرۈشلەردە سول قوشۇن قوماندانى.

③يابغۇ 翕侯 ( xīhóu )

ھۇنلاردا، قەدىمقى تۈركىي خەلقلەردە يۈكسەك بىر رۇتبە (دەرىجە).

④ئالدىچى سەنگۇن 前将军 ( qiánjiāngjūn )

يۈرۈشلەردە ئالدى قوشۇن قوماندانى.

⑤ئوڭ سەنگۇن 右将军 ( yòujiānjūn )

ئەسكىرىي يۈرۈشلەردە ئوڭ قانات قوشۇن قوماندانى.

⑥ئىشىك ئاغاسى 郎中令 ( lángzhōnglìng )

ئوردا - ساراي دەرۋازىلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل خادىم.

⑦ئارقىچى سەنگۇن 后将军 ( hòujiānjūu )

يۈرۈشلەردە ئارقا (مۇھاپىزەت) قوشۇن قوماندانى.

بولۇپ، خەن (سۇلالىسى) گە تەسلىم بولغاندىن كېيىن يابغۇ بول-
غان. ئۇ ئۇرۇش ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بايقاپ، ئۆتمىڭ
ئۈستىگە ھۇنلارنىڭ ئۇزۇنغا تارتىشى ئارقىسىدا قالغان 800 دىن
ئوشۇقراق چەۋەندازلىرى بىلەن تەگرىقۇتقا تەسلىم بولغان. سۇجيەن-
نىڭ قوشۇنلىرى تامامەن تار مار بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى
يالغۇز قېچىپ ۋېي چىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن. ۋېي چىڭ ھەر-
بىي ھەكەم خىزۇك، دورغاپ① ئەن، مۇستەشار② جوۋبا قاتارلىقلار-
دىن: "سۇجيەنگە قانداق جازا بېرىلىشى كېرەك؟" دەپ سورىغان.
جوۋبا: "چوڭ سەنگۈن ئەسكەر باشلاپ ماڭغاندىن بۇيان، بىرەر
كىچىك سەركەردىمۇ ③ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە
سۇجيەننىڭ پۈتكۈل ئەسكەرلىرى تار مار بولدى. ئۇنىڭ كاللى-
سىنى ئېلىش، شۇ ئارقىلىق چوڭ سەنگۈننىڭ ھەيۋىسىنى نامايەن
قىلىش لازىم" دېگەن. لېكىن ھەربىي ھەكەم خىزۇك بىلەن دورغاپ
ئەن ئۇنىڭ ئەكسىچە: "بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ھەربىي
كىتاپتا: ئەسكەر ئاز بولۇپ تورۇقلۇق قاتتىق جەڭ قىلغان ھالەتتىمۇ،
ئاخىردا يەنە كۆپ ساندىكى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىدىغان
ئەھۋاللار بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. سۇجيەن ئۆزىنىڭ بىرنەچ-
چە مىڭ ئادىمى بىلەن تەگرىقۇتنىڭ نەچچە تۈمەن ئادىمىگە
قارشى بىر كۈندىن ئارتۇق قاتتىق ئۇرۇش قىلغان، ئەسكەرلەر

---

①دورغاپ 长史 ( chóngshī )

ھەربىي، شەرقىي خەن، سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلاردىن
بىرى

②مۇستەشار 议郎 ( yīláng )

دۆلەتنىڭ كېڭەش - مەسلىھەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

③سەركەردە 大将 ( dàjiāng )

ئىستىپازلىق سەنگۈن بولۇپ، باشقىلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايتتى.

باشقىچە ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان. سۇجيەن ئۆزى قىلىچە ئالاكۆڭۈللۈك قىلماستىن قايتىپ كەلگەن، قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنسا، بۇندىن كېيىن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغانلار قايتىپ كەلمەسلىك كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماسلىق كېرەك" دېگەن. ۋېي چىڭ: "مەن پادىشاغا تۇققانلىق مۇناسىۋىتىم بىلەن قوشۇن تۇتۇپ كەلدىم. ھەيۋەم يوق بولۇپ قېلىشىدىن قورقمايمەن. جۇۋبانىڭ مېنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ھەيۋەڭنى كۆرسىتىڭ دېگىنى كۆڭلۈمگە ياقمايدۇ. ۋەزىپەم بويىچە ئېيتقاندا، سەركەردىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولسامۇ، لېكىن مەن پادىشانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ياقا يۇرتلاردا ئۆز ئالدىمغا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇنى پادىشا ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟" دېگەن. سىپاھ - بەگلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن سۇجيەن قەپەزگە سېلىنىپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىلغان.

شۇ يىلى خوچۇيبىڭ دەسلەپ تورە بولغان.

خوچۇيبىڭ چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭنىڭ ئاچىسى شاۋئېرنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئاتىسى خوجۇڭرۇ ئىلگىرى شاۋئېر بىلەن شەھۋانى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، خوچۇيبىڭ تۇغۇلغان، ۋېي زىفۇ خانىشلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، شاۋئېر ھەرەم ئاغىسى چېن جاڭغا تەككەن. خوچۇيبىڭ خانىش ئاچىسىنىڭ ئوغلى بولغانلىقتىن 18 يېشىدىلا ياساۋۇل بولغان. ئۇ چەۋەندازلىق - كاماندازلىققا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن چوڭ سەنگۇن بىلەن يۈرۈشكە چىققان، چوڭ سەنگۇن پادىشانىڭ يارلىقى بويىچە ئۇنى قىران چىرىكچىبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە 800 نەپەر باتۇر يېنىك چەۋەنداز بىلەن چوڭ قوشۇندىن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم ئالدىدا يۈرۈپ، ئوڭۇشلۇق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىدىن ئۈستۈن كوپ

دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتقۇن قىلغان. شۇڭا پادىشا: "قىران چىرىكچىبەگ① خوچۈيىبىڭ دۈشمەننىڭ 2 مىڭ 28 ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە تۇتقۇن قىلغان ھەمدە دۈشمەننىڭ باش ۋەزىرى② ۋە ياساق بېگىنى③ تەگرىقۇتنىڭ بوۋا جەمەتىدىن جىرۇ بېگى چاننى بەگنى ئۆلتۈرگەن، تەگرىقۇتنىڭ تاغىسى روكبىنى قولغا چۈشۈرۈپ قوشۇن بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالغان. شۇڭا ئۇنىڭغا 2 مىڭ 5 يۈز ئۆيلۈك يەر سۈيۇرغال قىلىپ، سەردار تۆرە④ مەرتىۋىسىنى بېرىمەن. شاڭگو ۋالىسى خاۋشيەن 4 قېتىم چوڭ سەنگۇن بىلەن يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئادىمىنى تۇتقۇن قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خاۋشيەننى جۇڭلى⑤ تۆرىسى قىلىپ تەيىنلەيمەن. چەۋەنداز مىڭبېيى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇنى قوۋۇقچى تۆرىسى قىلىپ تەيىنلەيمەن ۋە ئىككى يۈز ئۆيلۈك يەر سۈيۇرغال بېرىمەن" دېگەن.

شۇ يىلى ئۇرۇشتا ئىككى سەنگۇندىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، يابغۇنىڭ ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇرۇشتا غەلىبە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋېي چىڭگە سۈيۇرغاللىق قوشۇپ بېرىلمىگەن. سۇجيەننى پادىشا ئۆلتۈرمىگەن، ئۇ پۇل تۆلەپ ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. ۋېي چىڭغا مىڭ جىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتا ۋاڭ كىچىك خانىش پادىشانىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. نىڭچېڭ

---

① قىران چىرىكچىبەگ 票姚校尉 ( piàoyáoxiàowèi )
چاققان، تېتىك، ئەپچىل چىرىكچىبەگ دېمەكتۇر.

② باش ۋەزىر 相国 ( xiàngguó )
ۋەزىرلەر ۋەزىرى، سەدرى ئەزەم.

③ ياساقبەگ، تۇتۇقبەگ 当户 ( dānghù )

④ سەردار بەگ، سەردار تۆرە
بەگزادىلەرنىڭ سەنگۇنى، قوشۇنلارنىڭ سەردارى، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قوشۇنغا ئۇۋاندان بولغان بەگنى دېمەكتۇر.

⑤ جۇڭلى تۆرىلىكى 終利侯 ( zhōnglìhóu )
جۇڭلى دەپ ئاتالغان يەرنىڭ تۆرىسى ياكى شۇ يەرنى يەر ناملىقى تۆرىلىك.

ۋېي چىڭفا: "سەنگون سىزنىڭ تۆھپىڭىز ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بىر تۈمەن ئۈيلۈك سۇيغۇرغال يەردىن تەمىنلىنىپسىز. ئۈچ بالىڭىز ھەممىسى تورنىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى، بۇ سىزنىڭ ھەددىڭىز ۋېي كىچىك خانىشنى پادىشانىڭ ئەتىۋالىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ۋاڭ كىچىك خانىش پادىشانىڭ قەدىرلىك خوتۇنى، لېكىن ئۇنىڭ جە-مەتنى تېخى باي ۋە مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتمىدى. شۇڭا سەنگون ئىنئام ئالغان مىڭ ئالتۇننى ۋاڭ كىچىك خانىشنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن" دېگەن. ۋېي چىڭ 500 ئالتۇننى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلغان. بۇنى پادى-شا ئاڭلاپ، ۋېي چىڭدىن سورىغان، ۋېي چىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتقان. پادىشا خەن ۋۇدى شۇئان نىڭ چىپىنى دۇڭخەي① تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلىگەن.

چېرىكچىبەگ جاڭ چيەن چوڭ سەنگون ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇ ئىلگىرى باكتىرىيىگە ئەلچى بولۇپ بارغان، ھۇنلارنىڭ قولىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇتقۇن بولۇپ تۇرغان. كېيىن چوڭ قوشۇنغا يولباشلىغۇچى بولغان. ئۇ ئوت - چۆپ ۋە سۇ بار يەرلەرنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا قوشۇن ئاچ ۋە سۇسىز قالمىغان. ئۇ ئىلگىرى يىراق چەت مەملىكەتلەرگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بىلگە تورە مەر-تىۋىسى بېرىلگەن.

"خوچۈبىڭ تورە بولۇپ 3 - يىلى، يۈەنشۇ 2 - يىلى (م.ب.

---

① دۇڭخەي 东海 ( dōnghǎi )

ۋىلايەت. خەن دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى يۇرۇنقى يەنجۇۋنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن جياڭسۇ ئۆلكىسى پېيى نامىسىنىڭ شەرقىدە دېڭىزغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى دۇڭخەي دېيىلىدۇ.

121 - يىلى) باھاردا، قىران چەۋەنداز سەنگۇن ① بولغان
ۋە بىر تۈمەن ئاتلىق قوشۇن بىلەن لۇڭشىدىن چىقىپ، جەڭدە
خىزمەت كۆرسەتكەن. پادىشاھ: "قىران چەۋەنداز سەنگۇن
ۋۇلى② تېغىدىن ئۆتۈپ، سۇپۇ قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىل
غان. خۇنۇ (دەرياسى) ئارقىلىق دۈشمەننىڭ 5 خانلىقىنى
بېسىپ ئۆتكەن. بەيئەت قىلغانلارنىڭ ئادەملىرى، ياراق -
جابدۇقلىرى، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىگە تەگمىگەن. تەڭرىقۇتنىڭ
بالىسىنى تۇتۇشنى كۆزلىگەن. 6 كۈن يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش
قىلغان. يەنجى (ئالچى) تېغىدىن ③ ئۆتۈپ، مىڭ نەچچە يۈز
چاقىرىم ئىلگىرىلىگەن ۋە گاۋلەن تېغى ④ ئاستىدا قاتتىق
كىرەلەشمە جەڭ قىلىپ شەرەن خاننى ئۆلتۈرگەن، روقۇخاننىڭ
كاللىسىنى ئېلىپ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرگەن، قۇنشارخان-

---

① قىران چەۋەنداز سەنگۇن

骠骑将军 ( piàoqí jiāngjūn )

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەنگۇنلەر ئۇنۋانى، «خەننامە» دە: "خوچۈيبىڭ ھۇنلارغا قارشى پەۋقۇلاددە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن 'قىران چەۋەنداز سەنگۇن' ئۇنۋانى بېرىلدى" دېيىلگەن. بۇ ئۇنۋان چوڭ سەنگۇنلىك رۇتبەسى بىلەن تەڭ ئىدى.

② ۋۇلى

乌盭 ( wūlí )

تاغ ئىسمى، چىن سۇلالىسى ئەينى نام بىلەن تەسىس قىلغان ناھىيە. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭتاۋ ناھىيىسى بولۇپ، ئۇز دەۋرىدە لوڭشى ۋىلايىتىنىڭ مەركەز شەھرى ئىدى.

③ ئالچى تاغ.

焉支山 ( yānzhīshān )

گەنسۇ ئۆلكىسى شەندەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، يايلاقلىرى ئوبدان، چارۋا بېقىشقا باپ يەر.

④ گاۋلەن

皋兰 ( gāolán )

بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە تۈرلۈك ئىزاھاتلار بار. يىڭ شاۋ: "لوڭشى بەيشى ناھىيىسىنىڭ قورۇل تېشىدىكى دەريا ئىسمى" دېسە؛ سۇلىن: "ھۇن ئېلىدە تاغ ئۆتكىلىنىڭ ئىسمى" دەيدۇ. لىچى: "بىر كىچىكنىڭ ئىسمى" دېسە؛ جىن جو: "تاغ ئىسمى" دەيدۇ. بۇ ئورۇندا تاغ ئىسمى بولۇپ كەلمەكتە.

نىڭ گۈغلىنى، ۋەزىرلىنى، تۆگتۆقبەگنى تۇتۇپ، ئالغان، قوشۇنىنى قىلچە چىقىمغا ئۇچراتماستىن بەدبەشىرىلەرنى تۇتقۇن قىلغان. 8 مىڭ 9 يۈز 60 ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، شۇتۇق خان ئىبادەت قىلدىغان ئالتۇن بۇتنى قولغا چۈشۈرگەن. (خەن) قوشۇنلىرىنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بەتتىسى چىقىم بولغان. شۇڭا، خوچۈيبىڭگە يەنە 2 مىڭ 2 يۈز ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلدىم" دېگەن.

شۇ يىلى يازدا، خوچۈيبىڭ ۋە ھەمدەملەشكۈچى تورە گۇڭسۇن ئاۋ بېيدى دېگەن يەردىن ئىككى يولغا بولۇنۇپ يۈرۈش قىلغان. بىلگە تورە جاڭ چيەن، كەپىناۋۇل لى گۇاڭ بىلەن بىرلىكتە يۇبېيپىڭدىن ئىككىگە بولۇنۇپ يولغا چىققان: لى گۇاڭ 4 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئاۋال يېتىپ بارغان. جاڭ چيەن بولسا، تۈمەن ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېچىكىپ بارغان. ھۇنلارنىڭ سول بىلگە ① خانى نەچچە تۈمەن قوشۇن بىلەن لى گۇاڭنى قورشىۋالغان. لى گۇاڭ ئىككى كۈن جەڭ قىلغان، قوشۇنىنىڭ تەگدىن تولىسى چىقىم بولغان. دۈشمەننىڭ چىقىمى تېخىمۇ كۆپ بولغان. جاڭ چيەن يېتىپ بارغاندا، ھۇنلار چېكىنىپ كەتكەن. جاڭ چيەن ھەربى يۈرۈشتە كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان.

خوچۈيبىڭ بېيدىدىن ② چىقىپ، دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ

---

① سول بىلگە خان 左贤王 (zuxiǒǎnwáng)

ئوڭ بىلگە خان ماددىسىغا قارالسۇن.

② بېيدى 北地 (běidì)

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت. كەنسۇ، نىڭشيا ئۆلكىلىرىدىن ئىككى ۋىلايەتنىڭ يەرلىرىدىن تۈزۈلگەن. باش شەھىرى مالىڭ. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى بۈگۈنكى خۇەنشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

كىرگەن. ھەممىلەشكۈچى تورە يول ئېزىپ كېتىپ خوچۇيىنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىغان. خوچۇيىنىڭ چىلىيەنشەن تېغىغا يېتىپ بېرىپ ئۇرغۇن دۈشمەننى ئەسىر ئالغان. پادىشا: "قىران چەۋەنداز" سەنگۈن (خوچۇيىنىڭ) جۈنچى ①، جۈيەن دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، كىچىك ياۋچىلارغا ② بارغان ۋە چىلىيەن (تىلەن) تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ لۇدې ③ دېگەن جايدا زور غەلىبە قىلغان. ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ تەكقىن ④ ۋە چۇتۇق خان ⑤ ناملىق ئىككى خانىنى ھەمدە ۋەزىر، تۇتۇقبەگلەردىن تۇۋەن تەسلىم بولغان جەمئى 2 مىڭ 500 ئادەمنى ئەسىر ئالغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ تەسلىم بولغانلارنى سۈرۈشتە قىلمىغان، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارمىغان. جەمئى 3 تۈمەن 2 يۈز ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. ھۇنلارنىڭ 5 نەپەر خانىنى، خانىنىڭ ئانىسى، تەگرىقۇتىنىڭ قاتۇنى، تىكىن قاتارلىق 59 ئادەمنى، يەنە ۋەزىر، سەنگۈن، ياساقبېگى، تۇتۇقبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار بولۇپ 63 ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەن. خەن قوشۇنىدىن تەخمىنەن ئوندىن ئۈچ ئادەم چىقىم بولغان. شۇڭا، خوچۇيىڭگە 5 مىڭ 4 يۈز ئۆيلۈك يەر سۈيۇرغال قىلىنسۇن. قوشۇن بىلەن بىرلىكتە كىچىك ياۋچىلارغا بارغان چېرىكچى

---

① جۈنچى
钩耆 ( jùnqí )
دەريا ئىسمى.

② كىچىك ياۋچىلار
小月氏 ( xiǎoyuèzhī )
ياۋچىلار ماددىسىغا قارالسۇن.

③ لېدې، لۇدې
lè得 ( lède )
جاڭيې ناھىيىسىنىڭ ئىسمى. يەن شىگۇنىڭ قارىشىچە جاڭيې ناھىيىسى ئەمەس. ھۇنلارنىڭ يېرى.

④ تەكقىن
单桓 ( dānhuán
ھۇن بەگلىرىدىن بىرى.

⑤ چۇتۇق خان
酋涂王 ( qiútúwàng )
ھۇن خان (بەگ) لىرىدىن.

پەگكە سول تورىلىك ① بېرىلسۇن. شۇڭقار لەشكەر بېشى ② جاۋ-
پونۇ يەنە قىران چەۋەنداز سەنگۇن (خوچۇيبېك) بىلەن
بىرلىكتە سۇپۇ خان③نىڭ كالمىسىنى كەسكەن، جىكە خان④ نى تۇ-
تۇۋالغان، هۇنلارنىڭ ئوڭ مىڭ چەۋەندازلار سەركەردىسى ⑤. بىر
خانى ۋە ئانىسىنى ھەمدە تىكىندىن توۋەن 41 ئادەمنى قولغا
چۈشۈرگەن، 3 مىڭ 3 يۈز 30 ئادەمنى ئەسىر ئالغان. تۇر-
شاۋۇل ⑥ ۋاقتىدا بىر مىڭ 400 ئادەمنى ئەسىر ئالغان.
شۇڭا جاۋ پونۇغا قىران چەۋەنداز سەنگۇنىگە ئەگەشكۈچى
تورە مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. چىرىكچىبەگ گاۋ بۇشى قىران
چەۋەنداز سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە قويۇنچ ⑦ خانىنىڭ تىكىتىدىن
توۋەن 11 ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەن. بىر مىڭ 7 يۈز 68

---

左庶长 (zuǒshùzhǎng) ①سول تورە

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە يېكىتىلگەن رۇتبە بولۇپ، تورىلىرىنىڭ تورىسى دېيەكتۇر. خەن دەۋرىدە يىگىرمە دەرىجىلىك رۇتبىنىڭ 10 - بى سول تورە (左庶长)، 11 - سى ئوڭ تورە (右庶长)؛ 17 - دەرىجىسى 4 ئاتلىق هارۋا تورىسى (驷车庶长)، 18 - دەرىجىسى چوڭ تورە (大庶长) دېيىلەتتى.

鹰击司马 (yīngjīsīmǎ) ②شۇڭقار لەشكەر بېشى

شۇڭقاردەك ئېتىلىپ جەڭ قىلغۇچى قوماندان مەنىسىدە.

sùpú王 (sùpúwàng) ③سۇپۇ خان

هۇن خان (بەگلىرى) لىرىدىن.

稽且王 (jīqiěwàng) ④جىكە خان

هۇن خان (بەگ) لىرىدىن.

右千骑将 (yǒuqiānqíjiàng) ⑤ئوڭ مىڭ چەۋەندازلار سەنگۇنى

ئوڭ قولدىكى (قاناتتىكى) چەۋەندازلار مىڭبېشى.

前行 (qiánxíng) ⑥تورشاۋۇل

يۈرۈشلەردە قوشۇن ئالدىدىكىلەرنىڭ باشلىقى.

呼于耆王 (hūyúqíwáng) ⑦قويۇنچ خان

هۇن خان (بەگ) لىرىدىن.

ئادىمىنى ئەسىر ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن گاۋ بۇشىغا ماسىجان تورە① مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. چېرىكچىبەگ پۇدو② خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خۈيچۈي تورىلىكى③ بېرىلسۇن" دېگەن. ھەممىسىلا شىكوچى تورە گۇڭسۇن ئاۋ ھەربىي يۈرۈشتە كېچىككەن، قىران چەۋەنداز سەنگۇن بىلەن ۋاقتىدا قوشۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. ئاتاقلىق سەركەردىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى، ئات - ئۇلاغلىرى، قوراللىرى خوچۈيبىڭگە يەتمەيتتى. خوچۈيبىڭ دائىم ئەسكەرنى تاللاپ ئالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوچۈيبىڭ دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇ باتۇر چەۋەندازلارنى باشلاپ چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، قوشۇن تەڭرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ زادىلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان. كونا سەركەردىلەر دائىم كېچىكىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خوچۈيبىڭ كۈندىن - كۈنگە قەدرى ئېشىپ ۋە بېيىپ چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن تەڭلىشىپ قالغان.

كېيىن ھۇن تەڭرىقۇتى، قۇنشار خاننىڭ غەرپتە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن داۋاملىق يېڭىلىپ، نەچچە تۈمەن ئادەملىرىنىڭ قىران چەۋەنداز قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن ۋە قۇنشار خاننى چاقىرتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. قۇنشار خان بىلەن شۇتۇق خان④ خەنگە تەسلىم بولۇش

① ماسىجان تورە 宜冠侯 ( yíguānhòu )
ئەسكىرىي يۈرۈشلەردە باشلىغۇچى.

② پۇدو 仆多 ( púdūo )
چېرىكچى بەگلەردىن.

③ خۈيچۈي تورىسى 辉渠侯 ( huīqúhòu )
خۈيچۈي دەپ ئاتالغان يەرنىڭ تورىسى ياكى ئەينى يەر نامىدىكى تورىلىك.

④ شۇتۇق خان 休屠王 ( xiūtúwáng )
ھۇن خان (سەركەردە) لىرىدىن.

مەقسىدە مەسلىھەتلەشكەن ۋە ئالدى بىلەن چېگرىسىدا نۆۋبەت
ئۆتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ چاغدا سوروۇنبەگ لى شى
سىبىرتىق دەريا بويىدا قەلئە سېلىۋاتاتتى. ئۇ قۇنشار خاننىڭ ئەل-
چىلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئەھۋالنى دەرھال پادىشاغا
مەلۇم قىلغان، خەن ۋۇدى ئۇلارنىڭ يالغان تەسلىم بولۇپ،
چېگرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ خوچۈبىڭغا ئەسكەر
تارتىپ بېرىپ ئۇلارنى چېگرىدا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا
يارلىق بەرگەن. خوچۈبىڭ دەريادىن ئۆتۈپ، قۇنشار خاننىڭ
قوشۇنلىرىنى كۆرگەن. قۇنشار خاننىڭ ياردەمچى خانى ۋە يار-
دەمچى سەركەردىلىرى خەن قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ كۆپچىلىكى
تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي قاچقان. خوچۈبىڭ ئۇچقاندەك بېرىپ،
قۇنشار خان بىلەن كۆرۈشكەن، قاچماقچى بولغان 8 مىڭ ئادەمنى
ئۆلتۈرگەن. قۇنشار خانغا ئالاھىدە ئادەم قوشۇپ، ھارۋا بىلەن
پادىشا ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ۋە قۇنشار خاننىڭ بارلىق ئادەم-
لىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتكۈزگەن. تەسلىم بولغانلار بىر-
نەچچە تۈمەن بولسىمۇ ئون تۈمەن دەپ ئاتالغان. چاڭئەنگە
قايتقاندىن كېيىن، پادىشا ئۇلارغا نەچچە ئون تۈمەن پۇل،
مال ئىنئام قىلغان. قۇنشار خانغا بىر تۈمەن ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال
قىلىپ، تايىن تورىسى ① دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن. ياردەمچى
خانلىرى② قۇدۇن خان ③ شيامو تورىسى ④، يانسى خان ⑤ خۇي-

---

①تايىن تورىسى 漯阴侯 ( tāyīnhuò )
ھازىرقى پىڭيۈەن ناھىيىسى.

② ياردەمچى خان، باشقۇت خان 裨王 ( bìwáng )
خان (ۋاڭ)لارنىڭ ياردەمچىسى، ياردەمچى بەگ.

③قۇدۇن خان 呼毒尼 ( hūdúnī )
ھۇن خان (بەگلىرى) لىرىدىن.

④شيامو 下摩 ( xiàmó )
يەر ئىسمى.

⑤يانسى 雁疵 ( yāncí )
كىشى ئىسمى.

چوي تورىسى، چىن لى ① خېچى تورىسى ②، چوڭ ياساقبېگى ③ تا-
ۋۇس خان ④ چاڭلې ⑤ تورىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. شۇڭا، پادىشا
خوچۇيىبىگنىڭ توھپىسىنى تەقدىرلەپ: "قىران چەۋەنداز
سەنگۇن خوچۇيىبىڭ ئەسكەر باشلاپ ھۇنلارغا يۈرۈش قىلدى.
غەربىي ئەل ⑥ خانى قۇنشار خان ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى، ئەس-
كەرلىرى پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇپ، ئەسكەرلىرىمىز ئۇزۇق-
تۈلۈك بىلەن تەمىنلەندى. ئۇ تۈمەندىن ئوشۇق ئوقيالىق
ئەسكەر بىلەن بېرىپ، جاھىللىق قىلغان دۈشمەننى يوقاتتى،
8 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. 32 نەپەر يات ئەل
خانلىرىنى تەسلىم قىلغۇزدى. قوشۇننى چېقىمغا ئۇچراتماي، ئون
تۈمەن ئادەمنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ بۇ توھپىسى نەتىجىسىدە
شانۇ - شەۋكىتى سېرىق دەريا بويلىرى ۋە قورۇل سىرتىغا
يېتىپ بېرىپ، بۇ يەرلەر ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدى. شۇڭا
قىران چەۋەنداز سەنگۇنگە يەنە بىر مىڭ 700 ئۆيلۈك يەر
قوشۇپ سۇيۇرغال قىلىندى. لۇگشى، بىيدى، شاگجۇن قاتارلىق

---

禽黎 ( qínlí ) ①چىن لى
شەخس ئىسمى.

河綦侯 ( hēqíhóu ) ②خېچى تورىسى
خېچى دەپ ئاتالغان يەرنىڭ تورىسى ياكى ئەينى يەر نامىدىكى تورەلىك.

大当户 ( dádnāghù ) ③چوڭ ياساقبېگى، چوڭ تۇتۇنبېگى
ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى.

调虽 ( tiáosuī ) ④تاۋۇس
كىشى ئىسمى.

常乐侯 ( chánglèhóu ) ⑤چاڭلې تورىسى
چاڭلې ناملىق يەرنىڭ تورىسى.

西域 ( xīyù ) ⑥غەربىي ئەل
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن باشلانغان ئىسىم بولۇپ، دۇخاننىڭ غەربىدىكى ئەللەرگە قارىتىلغان.

جايلاردىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرى يېڭىدىن قىسقارتىلىپ، ئەلنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق ۋە ھاشار ئازايتىلسۇن" دېگەن. شۇنداق قىلىپ تەسلىم بولغان ئاھالىلەر ئىلگىرى قورۇل سىرتىغا تەۋە بولغان 5 ۋىلايەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يەرلەر سېرىق دەريانىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت-لىرى بويىچە ياشىغان ۋە خەنگە بېقىندى خانلىق بولۇپ تۇرغان. ياندۇرقى يىلى، ھۇنلار يۇيېپىڭ، دىڭشياڭ قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ خەننىڭ مىڭ نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلىغان.

ئىككىنچى يىلى، خەن ۋۇدى سەركەردىلەر بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ: "يابغۇ چاۋشىن، تەڭرىقۇتقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، خەن قوشۇنلىرى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۆزۈن تۇرالمايدۇ، دەپتۇ. بىز چوڭ قوشۇن ماڭدۇرساق ۋەزىيەت چوقۇم بىز كۈتكەندەك بولىدۇ دېگەن بولسا كېرەك" دېيىشكەن. بۇ يۈرۈشنىڭ 4 - يىلى (م.ب. 119 - يىلى) ئەتىيازدا پادىشاھ خەن ۋۇدى چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈيبىڭگە ھەرقايسىسى 5 تۈمەن چەۋەنداز، نەچچە ئون تۈمەن پىيادە ئەسكەر ۋە تەمىنات - نەقلىيات قوشۇنى بېرىپ، يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا ھەمدە باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەن ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدىغان ئەسكەرلەرگە خوچۈي-بىڭنىڭ قوماندانلىق قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. خوچۈيبىڭ دەسلەپ دىڭشياڭدىن چىقىپ، تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان، لېكىن ئەسىر چۈشكەن (ھۇن ئەسكىرى) تەڭرىقۇتنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇڭا خوچۈيبىڭگە دەي ۋىلايىتىدىن، ۋېي چىڭغا دىڭشياڭدىن يولغا چىقىش توغرىسىدا قايتا بۇيرۇق بېرىلگەن. كەپىناۋۇل لى گۇاڭ، ئال-دىنچى سەنگۈن، مىراخور گوڭسۇن خې، سول سەنگۈن، ئۇنۋان بېگى ① جاۋشىچى ئۇڭ سەنگۈن، پىڭياڭ تۇرىسى ساۋ شياڭ

① ئۇنۋان بېگى 主爵 ( zhǔjúe )
ئۇنۋان، تۇرلىككە بەلگىلەش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

ئارقىچى سەنگۈن بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سەنگۈنىگە قارىغان.

جاۋشىن تەگرىقۇتقا مەسلىھەت بېرىپ: "خەن قوشۇنلىرى قومۇلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئەسكەرلىرى ھېرىپ - چارچايدۇ. ھۇنلار كۈچ سەرپ قىلماستىنلا خەن ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالىدۇ" دېگەن. شۇڭا لازىمەتلىك يۈكلەرنى يىراق شىمالدىكى رايونلارغا ئاپىرىپ قويۇپ، خىل ئەسكەرلەر بىلەن قومۇلۇقنىڭ شىمالىدا خەن (قوشۇنلىرى) نى كۈتكەن. ۋېي چىڭنىڭ قوشۇنلىرى قورۇلىدىن مىڭ نەچچە چاقىرىم چىقىپلا، سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرغان تەگرىقۇتنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن. شۇڭا ۋېي چىڭ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئەتراپىنى قورشاپ قورغان ھاسىل قىلىشقا يارلىق بەرگەن ۋە بەش مىڭ چەۋەندازنى ھۇنلارغا قارشى ماڭدۇرغان. ھۇنلارمۇ بىر تۈمەن ئاتلىق قوشۇن چىقارغان. بۇ گۈگۈم چۈشۈۋاتقان چاغ بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلىغان. قۇم - تاشلار يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان. ئىككى قوشۇن بىر - بىرسىنى كۆرەلمىگەن. خەن قوشۇنلىرى ئوڭ - سول ئىككى قاناتتىن ئەسكەر چىقىرىپ تەگرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالغان. تەگرىقۇت خەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، ئۇرۇشنىڭ ھۇنلارغا پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى سېزگەن ۋە گۈگۈم چۈشكەن چاغدا ئۈچقۇر خېچىرغا مىنىپ، بىرنەچچە يۈز قاراۋۇل چەۋەندازلىرى بىلەن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ غەربىي شىمالغا قاراپ قاچقان. قاراڭغۇ كەچتە خەن قوشۇنلىرى بىلەن ھۇن قوشۇنلىرى ئۇچرىشىپ بىر - بىرسىنى چاپ - چاپ قىلغان. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چىقىمى تەڭ بولغان. خەن قوشۇنىنىڭ سول چىرىكچىبېگى ① تۇتۇۋالغان ئەسىرنىڭ ئېيتىشىچە، تەگرىقۇت قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى كېتىپ قالغان. خەن قوشۇنلىرى يېنىك چەۋەنداز-

① سول چىرىكچى بەگ 左校（zuǒxiào） ھەربىي ئەمەل.

لارنى① چېقىرىپ كېچىلەپ قوغلىغان. ۋېي چىڭنىڭ چوڭ قوشۇنىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىلگىرىلىگەن. خۇن قوشۇنلىرى ھەر تەرەپكە قاچقان. تاڭ يورۇغىچە قوشۇن ئىككى يۈز يولدىن ئوشۇق ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، تەگرىقۇتنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن، لېكىن ئەسىر چۈشكەن ۋە ئۆلگەن دۈشمەننىڭ سانى تۈمەندىن ئاشقان. تيەنيەن تېغىدىكى② جاۋشىن شەھىرىگە كىرىپ، خۇنلارنىڭ زاپاس سوكىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنى تولۇقلىغان ۋە قوشۇن بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن، شەھەردە قېپقالغان سوكىلەرنى كويدۇرۇپ تاشلىغان.

ۋېي چىڭ تەگرىقۇت بىلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدا، ئالدىنچى سەنگۇن لى گۇاڭ، ئوڭ سەنگۇن جاۋ شىچى قوشۇنلىرى شەرقىي يول بىلەن چىقىپ، يول ئېزىپ كەتكەنلىكتىن چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ قوشۇنلىرى قايتىپ چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇلار بىلەن قوشۇلغان. ۋېي چىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى پادىشاغا مەلۇم قىلماقچى بولغان ۋە دورغاپقا، رەتلەپ چىقىلغان خاتالىرى بويىچە لى گۇاڭنى سوراق قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان، لى گۇاڭ بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. جاۋ شىچى پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. ۋېي چىڭ قوشۇنلىرى قورۇلغا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ قېتىمقى جەڭدە جەمى بىر تۈمەن 9 مىڭدىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن.

شۇ چاغدا خۇنلار 10 نەچچە كۈن تەگرىقۇتسىز قالغان.

---

① يېنىك چەۋەنداز 轻骑 ( qīngqí )

يەڭگىل، تېز ھەرىكەتلىنىدىغان ئاتلىق قوشۇنلار.

② تيەنيەن تېغى tiàn颜山 ( tiányánshān )

تىلەن (چىليەن) تېغىنىڭ ئىككىنچى خىل ئېيتىلىشى.

ئوڭ قول خان ① ئوزىنى تەڭرىقۇت ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تەڭرىقۇت قەبىلىلىرىنى يىغىپ توپلىۋالغانىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەڭرىقۇتلۇق نامىنى ئېلىپ تاشلىغان.

خوچۇيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەر، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ھەربىي يۈك ھارۋىلىرى جەھەتتە چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن تەڭلەشكەن، پەقەت ياردەمچى سەنگۈنىلا ② يوق ئىدى. لى گەن قاتارلىقلار چوڭ چېرىكچى بەگلىككە③ كۆتۈرۈلۈپ، ياردەمچى سەنگۈننىڭ ئورنىغا قويۇلغان. ئۇلار دەي ۋىلايىتى ۋە يۈبېيپىڭدىن چىقىپ 2 مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ سول قو-شۇنلىرىغا زەربە بەرگەن. ئۇنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش جەھەتتىكى تۆھپىسى ۋېي چىڭدىن كۆپ بولغان.

قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشا: "قىران چەۋەنداز سەن-گۈن خوچۇيىنىڭ ئوز قوشۇنى ۋە (ھۇنلاردىن) تەسلىم بولغان قوشۇنلارنى باشلاپ، يېنىك ئاتلانغان ھالدا چوڭ قۇملۇقتىن ۋە دەريادىن ئۆتۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ (يېقىن ۋەزىرى) جانقۇرتنى④ تۇتقۇن قىلغان ھەمدە بەچەج⑤ خاننى ئۆلتۈرگەن،

---

① ئوڭ قول خان

右谷蠡王 ( yòugǔlíwáng )

ھۇنلارنىڭ خان (بەگلىرى) دىن بولۇپ، ئوڭ قول خان، سول قول خانلىرى بولاتتى.

② ياردەمچى سەنگۈن

裨将 ( bìjiàng )

قوماندان (سەنگۈن)لارنىڭ ياردەمچىسى. قەدىمقى ئۇيغۇرلار باسۇت سەنگۈن دەيتتى.

③ چوڭ چېرىكچى بەگ

大校 ( dàxiào )

ھەربىي ئەمەل. ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانلىرىدىن بىرى.

④ جانقۇرت

章渠 ( zhāngqú )

ھۇن بەگلىرىدىن.

⑤ بەچەج

北车耆 ( běichēqí )

ھۇن خانلىرىدىن بىرى.

ئاندىن بۆرىلوپ بېرىپ سول سەركەردە① چاڭغا② زەربە بەرگەن ھەمدە دۈشمەننىڭ تۇغ - ئەلەم، ناغرا - دۇمباقلىرىنى ئولجا ئالغان. نەنخۇ تېغى ئارقىلىق كۆكلۈ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تۇن تۇق خان③ بىلەن خان قان④ قاتارلىق 3 ئادەمنى، شۇنىڭدەك سەنگۇن، باش ۋەزىر⑤، ياساقبېگى⑥، تۇتۇقبەگ قاتارلىق 83 ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەن. لاڭجۈيشۈي⑦ تېغىدا مۇنبەر ياساپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلغان، گۈيەندە⑧ يەر ئىلاھىغا نەزىر بەرگەن، بايقال كۆلىگە⑨ بېرىپ، بەربەشرىلەردىن 7 تۈمەن 4 يۈز 43 ئادەمنى تۇتقۇن قىلغان. (خەن) قوشۇنىدىن تەخمىنەن ئوندىن ئىككىسى چىقىم بولغان. ئوزۇق - تۈلۈكنى دۈشمەندىن

---

① سول سەركەردە 左大将 (zuǒdájiàng)
ھۇنلاردا ھەربىي ئەمەل.

② چاڭ 双 (shuāng)
ھۇن سەركەردىلىرىدىن.

③ تۇنتۇق خان 屯头王 (tūntóuwàng)
ھۇن خانلىرىدىن.

④ خان قان hǎn王 (hǎnwàng)
ھۇن خانلىرىدىن (بەگلىرىدىن)

⑤ ياساقبەگ، تۇتۇقبەگ 当户 (dānghù)
ھۇنلاردا ئەمەل ئىسمى.

⑥ لاڭجۈيشۈي تېغى 狼居胥山 (lángjūxūshān)
بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ئوردۇس سېرىق دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، تەڭرى كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خوجۇيىنىڭ سەنگۇن ھۇنلارنى مۇشۇ تاغدا يەڭگەن.

⑦ گۈيەن 姑衍 (gūyǎn)
چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغ.

⑧ بايقال 翰海 (hànhǎi)
قۇملۇقنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بايقال كۆلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇن يىراقلارغا يۈرۈش قىلسىمۇ، ئاشلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالمىغان. شۇڭا قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوجۈيبىڭغا يەنە 5 مىڭ 800 ئۈيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن. يۇبېيپىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لۇبودې① قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ قارمىقىدا بولۇپ، شىنچېڭدا② ئۇنىڭ بىلەن دىگەن قەرەلدە قوشۇلغان، بىرلىكتە جۈيۈيشەن③ تېغىغا بېرىپ ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان. شۇڭا لۇبودېغا پېيلى④ تۇرلۇقى بېرىلسۇن. بېيدى (ۋىلايىتى) تۇتۇقبېگى ۋېي شەن قىران چەۋەنداز سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ھۇن خاننى قولغا چۈشۈرگەن. شۇڭا ۋېي شەنگە يىياڭ⑤ تۇرلۇقى بېرىلسۇن. ئىلگىرى ھەققەتكە قايتقان تۇرەلەردىن ئىنانچ خان⑥ فۇرۇز⑦، روجان خان⑧ ئىزگۇ⑨ لار

---

① لۇبودې 路博德 (lùbódé)

يۇبېيپىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

② شىنچېڭ 兴城 (xīnchéng)

شەرقىي شىمالدا قەدىمقى بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى.

③ جۈيۈيشەن jū余山 (jūyūshān)

تاغنىڭ ئىسمى.

④ پېيلى 邳lí (pèilí)

يەر ئىسمى.

② يىياڭ 义yàng (yìyáng)

يەر ئىسمى. بۈگۈنكى خېنەن ئولكىسى تۇڭبو ناھىيىسى.

⑥ ئىنانچ خان 因淳王 (yīnchúnwáng)

⑦ فۇرۇز fū陆支 (fūlùzhī)

⑧ روجان خان 楼zhāng王 (lóuzhāngwàng)

⑨ ئىزگۇخان 伊即轩 (yījiéxuān)

قىران چەۋەنداز سەنگوڭ بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەن، شۇڭا فۇرۇزغا دۇ① تورىلىكى، ئىزگۇخانىغا جۇڭلى② تورىلىكى مەرتىۋىسى بېرىلسۇن. قىران چەۋەنداز سەنگوڭغە ئەگەشكۈچى تورە جاۋپۇتۇ، چاڭۋۇ تورىسى③ ئەن جى④ قاتارلىقلار قىران چەۋەنداز سەنگوڭ بىلەن بىرلىكتە خىزمەت كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا 3 يۈز ئۆيلۈكتىن يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن. يۇياڭ⑤ ۋالىيسى شى، چىرىكچىبەگ لى گەن قاتار-لىقلار دۈشمەننىڭ تۇغ - ئەلەم، ناغرا - دۇمباقلىرىنى ئولجا ئالغان. شۇڭا ئۇلارغا قوۋۇق ئىچى تورىسى دېگەن مەرتىۋە بېرىلسۇن. شىيگە 3 يۈز ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنسۇن. چىرىكچىبەگ زى ۋېيگە سول تورە مەرتىۋىسى بېرىلسۇن" دېگەن. سىپاھ - ئەسكەرلەردىن مەنسەپكە چىققان ۋە ئىنئام ئالغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. لېكىن ۋېي چىڭگە سۇيۇرغال-لىق قوشۇپ بېرىلمىگەن. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى سىپاھ - بەگلەر ۋە ئەسكەرلەردىن ھېچقايسىسى مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەن. پەقەت شىخې ۋالىيسى چاڭ خۈي، يۇنجۇڭ ۋالىيسى سۇ ۋۇ چىڭلارلا ئىنئامغا ئېرىشكەن. سۇ ۋۇ چىڭنىڭ تەمىنات دەرىجىسى بەگلىك ۋەزىرلىرى بىلەن تەڭ بولغان، ئۇنىڭغا 2 يۈز ئۆيلۈك يەر، يۈز جىڭ ئالتۇن بېرىلگەن؛ چاڭ خۈي قوۋۇق ئىچى تورىسى دېگەن مەر-تىۋىگە ئېرىشكەن.

---

① دۇ تورىسى 杜侯 ( dùhòu )
يەر ئىسمى.

② جۇڭلى تورىسى 众利侯 ( zhònglìhòu )
يەر ئىسمى.

③ چاڭۋۇ تورىلىكى 昌武侯 ( chāngwǔhòu )
چاڭۋۇ ئىسىملىك يەرنىڭ تورىسى.

④ ئەن جى 安稽 ( ānjī )
كىشى ئىسمى.

⑤ يۇياڭ 鱼阳 ( yúyáng )
يەر ئىسمى، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋىلايەت. جېڭجاۋ مىيۈن ناھىيە-سىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان.

ئىككى قوشۇن قورۇلدىن چىقىش ئالدىدا قىلىنغان كورەك-
تە پادىشالىق ۋە خوسۇسى ئات جەمى 14 تۈمەن ئىدى. قاي-
تىپ كەلگەن ئاتنىڭ سانى ئۈچ تۈمەنگە يەتمىگەن. باش لەش-
كەر بېشىلىق① ئۇنۋانى تەسىس قىلىنىپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي
چىڭ بىلەن قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈيبىڭ باش لەشكەر
بېشى بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەمدە قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭ
مائاشى چوڭ سەنگۈن بىلەن تەڭ بولىدۇ، دەپ يارلىق
چۈشۈرگەن، شۇندىن باشلاپ ۋېي چىڭنىڭ ئورنى بارغانسېرى
چۈشۈپ، خوچۈيبىڭنىڭ ئورنى بارغانسېرى كۆتۈرۈلگەن. ئىلگىرى
ۋېي چىڭنىڭ كەينىدە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى خوچۈيبىڭ-
نىڭ خىزمىتىگە كەتكەن ۋە دەرھال مەنسەپكە ئېرىشكەن، پەقەت
رېن ئەنلا كېتىشنى خالىمىغان.

خوچۈيبىڭ كەمسۆز، ئاغزى چىڭ، جەسۇر، ئېغىر ۋەزىپىلەر-
نى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك ئادەم ئىدى. خەن ۋۇدى
ئۇنىڭغا ۋۇچى② ۋە سۇن ۋۇ③ نىڭ ھەربى ئىلمىنى ئۆگ-

---

① باش لەشكەر بېشى 大司马 (dàsīmǎ)

ئەمەل ئىسمى. خەن پادىشاسى ۋۇدى چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭگە باش لەشكەر بېشى ئۇنۋانى بەرگەن ئىدى.

② ۋۇچى 吴起 (wúqǐ)

ئۇرۇشقاق دولەتلەر دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىرىدىن بولۇپ، دەسلەپ لۇ بەگلىكىدە خىزمەت قىلغان، كېيىن ۋېي بەگلىكىنىڭ خانى ۋېنۋاڭنىڭ دانىشمەند خان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خىزمىتىگە كىرىپ، سەركەردە بولغان. خان بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغاچقا چۇ دۆلىتىگە كېتىپ، ئۇ يەردە ۋەزىر بولغان. ۋۇچىنىڭ ھەربىدىكى بىلىمى ۋە تالانتى تۈپەيلى چۇ بەگلىكى ئىنتايىن كۈچەيگەن، جەنۇبتا يۈې، شىمالدا جىن، غەربتە چىن دۆلەتلىرىگە يۈرۈش قىلىپ ئۇرغان. ۋۇچى سەركەردە بولسىمۇ كىيىم-كېچەكنى ئاددىي بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكتە ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بولاتتى. ئەسكىرىي تەلىمنى چىڭ تۇتاتتى. پىتنىخور ۋەزىرلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن چۇ دۆلىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

③ سۇن ۋۇ 孙吴 (sūnwú)

سۇن ۋۇ كىتاب ئىسمى بولۇپ، سۇن ۋۇ، ۋۇچى، سىماراڭجۈي (司马ráng苴) قاتارلىق 3 كىشىنىڭ ئەسىرى. بۇ كىتابتا جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمقى ھەربى سەنئەت ساھەسىدىكى بىلىملىرى توپلانغان.

نىش كۆيىدا بولغان. لېكىن ئۇ: "جەڭ پەيتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، يالغۇز كونا ھەربىي ئىلىم-ئىلا ئۆگىنىش كۇپايە قىلمايدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. پادىشا ئۇنىڭغا خاس ھويلا - ئارام سالدۇرۇپ، ئۇنى كورۇپ بېقىشقا بۇيرۇغان. ئۇ: "ھۇنلار تېخى يوقىتىلمىدى، ئۆزەمگە ئۆي - روزغار قىلىشىم ھاجەتسىز!" دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇڭا خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ياساۋۇل بېگى بولغانلىقى ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن سىپاھ - بەگ ۋە ئەسكەرلەرنى قەدىرلىمەيتتى. ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا خەن ۋۇدى داستۇرخان بېگى① ئارقىلىق نەچچە ئونلىغان ھارۋىلاردا ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتەتتى. لېكىن ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئېشىپ قالغان ئاشلىق ۋە گوشلەرنى تاشلىۋېتەتتى. ئەسكەرلەر ئاچ قالاتتى. قورۇلنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتدا، قوشۇندا ئاشلىق كەم، ئەسكەرلەر روھسىز بولاتتى. خوچۈبىڭ بولسا مەيدان ياسىتىپ توپ تېپىپ ئوينايتتى. بۇنداق ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇراتتى. ۋېي چىڭ رەھىمدىل ئىدى. ئەسكەرلەرنى ئاسرايتتى، باشقىلارغا يول قوياتتى، پادىشاغا مۇلايىم ۋە خۇشامەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ماختايدىغان ئادەم چىقمىغان.

خوچۈبىڭ يۈەنشۇئۇنىڭ 4 - يىلى (م. ب. 119 - يىلى) ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ 3 يىلدىن كېيىن، يەنى يۈەنشۇئۇنىڭ 6 - يىلى (م. ب. 117 - يىلى) ئۆلگەن. خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتقان ۋە تەۋە بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىغا قارا ساۋۇت كىيدۈرۈپ، چاڭئەندىن ماۋلىن قەۋرىستانلىقىغا قەدەر تىزغان. خۇددى تىلەن (چىلەن) تېغىغا ئوخشىتىپ قەۋرە ياساتقان. خوچۈبىڭنىڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى

---

① داستۇرخان بېگى 太官 ( tàiguān )
پادىشا يېمەك - ئىچمەكلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە ئون بەش مىڭ چارەك ئاشلىق مۇئاش ئالىدىغان ئەمەلدار.

كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەل ئالمىش تورە① دەپ نام بەرگەن. ئوغلى خوشەن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. خوشەننىڭ يەنە بىر ئىسمى خوزىخۇ بولۇپ، پادىشا ئۇنى ياخشى كۆرگەن. ئۇ قاۋۇل بولغانلىقتىن پادىشا ئۇنى بىللە ئېلىپ يۈرگەن ۋە ھارۋىلىقلار تۇتۇقى② قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ پادىشا بىلەن بىرلىكتە تەيشەن تېغىغا③ نەزىر - چىراققا چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بالىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۆيۈرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. خوچۈيبىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېي چىڭنىڭ چوڭ ئوغلى يىچۈن تورىسى ۋېي كاڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تورىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان. 5 يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى يىنگەن تورىسى ۋېي بۇيى، فاگەن تورىسى ۋېي دىڭلار نەزىر - چىراق ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئالتۇننى ساپ بەرمىگەنلىكتىن تورىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. يەنە 2 يىلدىن كېيىن سەردار تورە (خوچۈيبىڭ) گە بېرىلگەن سۆيۈرغاللىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. يەنە 4 يىلدىن كېيىن، يۈەنفېڭ④ 5 - يىلى (م. ب. 106 - يىلى) ۋېي چاڭ ئۆلگەن. ئۇنىڭغا قەھرىمان تورە⑤

---

① ئەل ئالمىش تورە 景桓侯 ( jǐnghuánhòu )

زېمىننى كېڭەيتكۈچى تورە (فاتىھ) مەنىسىدە.

② ھارۋىلىقلار تۇتۇقى 奉车都尉 ( fèngchēdūwùi )

پادىشا - سارايىنىڭ ھارۋا - ئاتلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

③ تەيشەن 泰山 ( tàishān )

ئېلىمىزنىڭ شەرقىدىكى تاغلىرىدىن بولۇپ، 5 چوڭ تاغنىڭ بىرى. شەندۇڭ ئۆلكىسى تەيئەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا. تەيشەننىڭ ئايلانمىسى 160 يول، ئېگىزلىكى 40 نەچچە يول كېلىدۇ.

④ يۈەنفېڭ يىلنامىسى 元封 ( yuánfēng )

مىلادىدىن بۇرۇن 106 - يىلى.

⑤ قەھرىمان تورە 烈侯 ( lièhòu )

دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە ئوغلى ۋېي گاڭ ۋارىسلىق قىلغان. 6 يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانغان.

ۋېي چىڭ، تەڭرىقۇتقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ 14 يىلدىن كېيىن ئۆلگەن. ئۇندىن كېيىن ھۇنلارغا قايتا ھۇجۇم قىلىنمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى (خەن سۇلالىسىدە) ئات ناھايىتى ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىكى ئىككى يۇې دۆلىتىگە، شەرقتە چاۋشيەنگە جازا يۈرۈشى قىلىنغان. چياڭلارغا، غەربىي جەنۇبتىكى بەدنۇيىلەرگە ھۇجۇم قىلىنغان. شۇڭا ئۇزۇنغىچە ھۇنلارغا يۈرۈش قىلىنمىغان.

دەسلەپ ۋېي چىڭنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغان، پىڭياڭ بېگى ساۋشۇ قاتتىق كېسەل بولۇپ، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. شۇڭا چوڭ خانىكە (ياڭ شىڭ): "چوڭ تورىلەر ئىچىدە قايسىسى دانىشمەن؟" دەپ سورىغان. ئەتراپتىكىلەر ھەممىسى چوڭ سىڭگۇن (ۋېي چىڭ) دانىشمەن، دېيىشكەن. چوڭ خانىكە كۈلۈپ: "ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ خىزمەتكارى، دائىم ئارقامدا ئاتلىق يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا تەگسەم قانداق بولىدۇ؟" دىگەن. ئەتراپىدىكىلەر: "ھازىر ئۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى" دېيىشكەن. چوڭ خانىكە ياڭ شىڭ، خانىشقا يوشۇرۇن ئىشارەت قىلغان. خانىش پادىشاغا ئەھۋالنى ئېيتقان. پادىشا، ۋېي چىڭ بىلەن پىڭياڭ خانىكىسىنىڭ توي قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ۋېي چىڭ ئۆلگەندە پىڭياڭ خانىكىسىنىڭ قەبرىسىگە بىللە كۆمۈلگەن ۋە لۇشەن تېغىغا ئوخشىتىپ قەۋرە ياسالغان.

ئومۇمەن چوڭ سىڭگۇن ۋېي چىڭ ھۇنلارغا 7 قېتىم زەربە بەرگەن. دۈشمەنىنىڭ 5 تۈمەندىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان. تەڭرىقۇت بىلەن بىرلا قېتىم جەڭ قىلغان، سېرىق دەريانىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ياندۇرۇۋېلىپ، شۇفاڭ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭغا قايتا - قايتا مەرتىۋە ۋە مائاش قوشۇپ بېرىلىپ، بىر تۈمەن 6 مىڭ 300 ئۆيلۈك يەر

سۇيۇرغال قىلىنغان. ئۈچ بالىسىغا تورىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ھەر بىرىگە بىر مىڭ 300 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنغان، بۇنى قوشقاندا ئۇلارغا جەمئى 2 تۈمەن 2 يۈز ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنغان. ئۇنىڭ باسۇت (ياردەمچى) سەنگۈن ۋە چېرىكچى بەگلىرىدىن 9 ئادەم تورىلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان، 15 ئادەم مۇستەقىل سەركەردىلىككە ① تەيىنلەنگەن. لى گۇاڭ، جاڭ چيەن، گۇڭسۇن خې، لى سەي، ساۋ شياڭ، خەن يۈې، سۇ جيەن قاتارلىقلار ئۈچۈن ئايرىم تەزكىرە يېزىلغان.

لى شى يۇجۇلىق، خەن پادىشاسى جىڭدىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ 8 - يىلى مەشقاۋۇل سەنگۈن② بولۇپ، قوشۇن بىلەن مايىدا③ تۇرغان. يەنە 6 يىلدىن كېيىن سەنگۈنلىك نامى بىلەن دەي ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلغان. يەنە 3 يىلدىن كېيىن سەنگۈنلىك سۈپىتىدە چوڭ سەنگۈن بىلەن شۇفاڭ ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلغان. لېكىن ھەر قېتىمدا خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 3 قېتىم سەنگۈن بولغان. كېيىن دائىم سورۇنبېگى خىزمىتىدە بولغان.

گۇڭسۇن ئاۋ يىچۈيلىك④، خەن پادىشاسى جىڭدىنىڭ ۋاقتى-

---

① مۇستەقىل سەركەردە 特将 ( tèjiàng )

يۈرۈشلەرگە مۇستەقىل ھالدا چىقىدىغان پالۋان - سەركەردىلەر.

② مەشقاۋۇل سەنگۈن 材官将军 ( cáiguānjiāngjūn )

ئەسكىرىي (ھەربىي) تەلىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى سەنگۈن.

③ مايى 马yì ( mǎyì )

ناھىيە ئىسمى.

④ يىچۈي 义渠 ( yìqú )

ئەسلىدە روڭ (جۇڭ) لارنىڭ يۇرتى بولۇپ، چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. يۇرتى گەنسۇ نىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا.

دا مۇلازىم ① بولغان. خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ 12 - يىلى چەۋەنداز سەنگۇن بولغان ۋە دەي ۋىلايىتىدىن يۈرۈش قىلغان. ئۇنىڭ قوشۇنىدىن 7 مىڭ ئادەم چىقىم بولۇپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. 5 يىلدىن كېيىن چىركىچى بەگ بولۇپ، چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈش قىلغان ۋە ھەمدەملەشكۈچى بەگ بولغان. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوتتۇرىچى سەنگۇن بولۇپ، چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر قېتىم دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلغان، خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن سەنگۇن بولۇپ، بېيپىڭدىن يولغا چىققان، لېكىن ھايال قىلىپ قىران چەۋەنداز سەنگۇن بىلەن ئۇچرىشالمىغان. شۇگا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان، بولسىمۇ ئاددى پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان. 2 يىلدىن كېيىن چىركىچى بەگ بولۇپ چوڭ سەنگۇن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلغان، يەنىلا خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن. 11 يىلدىن كېيىن يىڭيۈي سەنگۇنلۇقى نامى بىلەن تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرىنى سالغان. شۇندىن 7 يىل كېيىن يەنە يىڭيۈي سەنگۇنى سۈپىتى بىلەن ھۇنلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغان. يۈيۈ (دەرياسى)غا بارغاندا چىقىم كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، يارغۇچى (سوراقچى)غا بېرىلگەن ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان. لېكىن يالغاندىن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ قېچىپ كەتكەن ۋە خەلق ئارىسىدا 5 - 6 يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. كېيىن پاش بولۇپ يەنە تۇتۇلغان. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋېرىنخۇنلۇق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن، پۈتۈن ئائىلە جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئومۇمەن ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر 4 قېتىم سەنگۇن بولغان.

---

① مۇلازىم 郎事 ( lóngshì )

پادشا ئوردىسىدا خىزمەت قىلغۇچى.

لى جۇي، يۈنجۇڭلۇق، خەن پادىشاسى جىڭدى ۋاقتىدا ئەمەلدار بولغان، خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ 17 - يىلى سول خۇدەيچى سۈپىتىدە ئوقيالىق سەنگۇن بولغان. بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئوقيالىق سەنگۇن بولغان.

جاڭ سىگۇاڭ، خېدۇڭلۇق، چېرىكچىبەگ مەنسۇپىدە چوڭ سەنگۇن (ۋېي چىڭ)گە ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈش قىلغان. ئەنتوۋ① كور- لىنگى بېرىلگەن. كېيىن خان ئانا② ئۆلگەندە سەنگۇن بولۇپ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى مۇھاپىزەت قوشۇنىغا سەركەردە بولغان. بىر يىلدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم چوڭ سەنگۇن (ۋېي چىڭ) بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلغان. ئومۇمەن ئىككى قېتىم سەنگۇن بولغان. كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تورىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان.

جاۋشىن ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ ۋەزىرى بولغان. كېيىن خەن (سۇلالىسى)گە تەسلىم بولۇپ تورە بولغان. خەن پادىشاسى ۋۇدى تەختكە چىقىپ 18 - يىلى ئالدىنچى سەنگۇن بولغان. ھۇنلار بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ ھۇنلارغا تەسلىم بولغان.

جاۋشىجى، دىڭشۈيلىك③. خەن پادىشاسى ۋۇدى تەختكە چىقىپ 18 - يىلى ئۇنۋان تۇتۇقبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋە چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈش قىلغان، دۈشمەننىڭ 6 يۈز 60 ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن. يۈەنشۇنىڭ 3 - يىلى

---

① ئەنتوۋ 岸头 ( àntòu )
قەدىمقى يەر ئىسمى، بۈگۈنكى ھەنەنى خېبېك ناھىيىسىدە.

② خان ئانا، شاھ ئانا، ۋالىدەئى خاقان 太后 ( tàihòu )
پادىشا، خاقان، سۇلتانلارنىڭ ئانىسى.

③ دىڭشۈي dǐngshuǐ
ناھىيە ئىسمى، بۈگۈنكى شەنشى ياۋشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

④ ئۇنۋان تۇتۇقبەك 主爵都尉 ( zhǔjuédūwèi )
ئۇنۋان ئىشلىرىغا مەسئۇل تۇتۇقبەك.

(م. ب. 120 - يىلى) قوۋۇق ئىچى تورىلىكى مەرتىۋىسى بېرىلگەن، يۈز چىڭ ئالتۇن ئىنئام قىلىنغان. ئىككىنچى يىلى ئوڭ سەنگۈن بولۇپ، چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ بىلەن بىرلىكتە دىڭشياڭدىن يۈرۈش قىلغان. يول ئېزىپ كېتىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان، پۇل تۆلەپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلغان.

گوچاڭ، يۈنجۇڭلۇق، چىرىكچىبەگ مەنسىۋىدە بولۇپ، چوڭ سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈش قىلغان. يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلى (م. ب. 107 - يىلى) كېڭەش بېگىلىكتىن ھونلارنى يوقىتىش سەنگۈنلىكىگە① تەيىنلەنگەن. شۇفاڭ ۋىلايىتىدە تۇرغان ۋە قايتىپ كېلىپ كۆڭگىنىگە زەربە بېرىش ئورۇشىغا قاتناشقان، لېكىن خىزمەت كۆرسىتەلمىگەنلىكتىن، (ئەمەلدارلىق تامغىسى تارتىۋېلىنغان.

شۈن بىر، تەييۈەن② گۇاڭۋۇلۇق③، ھارۋا ھەيدەشكە ئۇستا بولغانلىقتىن، ياساۋۇل بولغان. كېيىن چىرىكچىبەگ بولۇپ كوپ قېتىم سەنگۈن بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلغان. يۈەنفېڭنىڭ 3 - يىلى (م. ب. 108 - يىلى) سول سەنگۈن بولۇپ چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلغان، لېكىن خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن، قەۋەتلىك كېمە سەنگۈنى④ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

---

① ھونلارنى يوقىتىش سەنگۈنى
拔胡将军 ( báhújiàngjūn )

② تەييۈەن
太原 ( tàiyuán )
قەدىمقى يەر نامى. ھازىرقى شەنشىنىڭ بۆرۈنقى تەييۈەنى، قىنجوۋدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت قەدىمقى زاماندا تەييۈەن ئاتىلاتتى.

③ گۇاڭۋۇ
广武 ( guǎngwǔ )
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەنشىدە قۇرۇلغان ناھىيە.

④ قەۋەتلىك كېمە سەنگۈنى
楼船将军 ( lóuchuánjiàngjùn )
قەدىمقى زامانلاردا سۇ (دېڭىز) ئۇرۇشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان قەۋەتلىك كېمىلەرنىڭ سەنگۈنى.

ئۇمۇمەن، قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈيبىڭ ھۇنلارغا قارشى جەمئىي 6 قېتىم ئۇرۇش قىلغان. ئۇنىڭ 4 قېتىمىدا سەنگۈنلۈك سالاھىيىتى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، جەمئىي 11 تۈمەندىن ئوشۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن، قۇنشارخان نەچچە تۈمەن ئادىمى بىلەن تەسلىم بولغاندىن كېيىن، سېرىق دەريانىڭ غەربى، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي چېگرىدا ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى كۆپ ئازايتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستى-ئۈستىلەپ 4 قېتىم تۇرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. جەمئىي بىر تۈمەن 7 مىڭ 700 ئۆيلۈك يەر سۇيۇرغال قىلىنغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكچى بەگ ۋە سىپاھ-بەگلەردىن 6 ئادەم خىزمەت كۆرسىتىپ تۇرلىككە ئېرىشكەن، 2 ئادەم سەنگۈن بولغان.

لۇبودې، شىخې پىڭجۇۋلۇق. يۇبېيپىڭنىڭ ۋالىسى بولغان. قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈيبىڭ بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ، پىيلى تۇرلىكى مەرتىۋىسىنى ئالغان. قىران چەۋەنداز سەنگۈن خوچۈيبىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، لۇبودې ياساۋۇل بېگلىكتىن سۇ قوشۇنلىرى سەنگۈنلىكىگە① تەيىنلەنگەن. جەنۇبىي يۇې دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭغا سۇيۇرغاللىق كۆپەيتىپ بېرىلگەن. كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تۇرلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان. ئاندىن (كۈچلۈك) ئوقيالىق تۇتۇقبەگ② بولۇپ جۈيېنىدە تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ يەردە ئۆلگەن.

جاۋپونۇ، تەيۈەنلىك. ئىلگىرى ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن، كېيىن يەنە خەن (سۇلالىسى) تەرەپكە قايتىپ كەلگەن.

---

① سۇ قوشۇنلىرى سەنگۈنى 伏波将军 ( fúbōjiàngjùn )
سۇ، دېڭىز جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلغۇچى سەنگۈن.

② ئوقيالىقلار تۇتۇقبېگى 强弩都尉 ( qiāngnǔdūwèi )
كۈچلۈك (قوندالىقلىق) ئوقيالىقلار بېگى.

قىران چەۋەندازى سەنگۇن (خوچۈبىڭ)گە لەشكەر بېشى بولۇپ، بېيىدىن يۈرۈش چېقىپ هۇنلارغا هۇجۇم قىلغان. شۇڭا ئەگەشكۈچى تۆرە مەرتىۋىسىنى ئالغان. نەزىر-چىراق سوغىسى ئۈچۈن تولىنىـ دىغان ئالتۇننى ساپ تاپشۇرمىغانلىقتىن تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاش- لانغان. بىر يىلدىن كېيىن شۈنخې (هۇن دەرياسى) سەنگۇنى① بولغان ۋە هۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، شۈنخې دەرياسىغىچە بارغان، خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن. يەنە بىر يىلدىن كېيىن زوران خانىغا هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئەسىر ئالغانلىقتىن جويې تۆرىسى② بولغان. يەنە 6 يىلدىن كېيىن، جۈنجى سەنگۇن③ بولۇپ، ئىككى تۈمەن ئاتلىق قوشۇن بىلەن هۇنلارنىڭ سول خانىغا هۇجۇم قىلغان. هۇنلارنىڭ سول خانى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ۋە 8 تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇنى مۇهاسىرە قىلغان. جاۋپونو ئەسىر چۈشكەن. قوشۇن تامامەن هالاك بولغان. جاۋپونو هۇنلارنىڭ قولىدا 10 يىل تۇرغان. كېيىن هۇن شاهزادىسى ئەنگو④ بىلەن خەن (سۇلالىسى) تەرەپكە قېچىپ كەلگەن. پىرىخۇنلۇق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلە جەمەتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

ۋېي جەمەتى روناق تېپىش بىلەن چوڭ سەنگۇن ۋېي چىڭ بىرىنچى بولۇپ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن 5 ئادەم تۆرە بولغان. لېكىن 24 يىل داۋامىدا بۇ 5 تۆرىنىڭ

---

① هۇن دەرياسى سەنگۇنى 徇河将军 ( xūnhéjiàngjūn )
ئۇرخۇن دەرياسى نەزەردە تۇتۇلسا كېرەك.

② جويې تۆرىسى zhuó野侯 ( zhuóyěhóu )

③ جۈنجى سەنگۇن 浚稽将军 ( jùnjījiàngjūn )

④ ئەنگو 安国 ( ānguó )
هۇن شاهزادىسى.

ھەممىسى ئېلىپ تاشلانغان. جېڭخې يىللىرى ①(م. ب. 92 — 89-يىللىرى) ۋەلىئەھد خانزادە لۇي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ۋېي جەمەتى تۈگەشكەن. خوچۇيىڭنىڭ ئىنىسى خوگۇاڭ دۆلەتمەن بولۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭغا ئايرىم تەزكىرە يېزىلغان.

ئاپنوردىن: سۇجىيەن (چوڭ سەنگۇنگە) پىكىر بېرىپ: "چوڭ سەنگۇن چەكسىز ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەتتىكى دانىشمەن ۋە تۆرىلەرنىڭ ھېچقايسىسى سىلىنى ماختىمايدۇ. مەن ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى مەشھۇر سەركەردىلەرنى ئۆلگە قىلىپ، قابىللارنى، دانىشمەنلەرنى جەلپ قىلىشلىرىنى، مۇشۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن!" دىگەن.

ۋېي چىڭ بۇنى ئۆزرە بىلەن رەت قىلىپ: "ۋېي چى، ۋۇئەن بەگلىرى مېھمانلارنى ئىززەتلىگەن ۋە كۈتكەن، پادىشا بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن. تۆرە-ئۆلىمالارغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇلارنى كۈتۈش ئەقىلدارلىقلارنى خىزمەتكە قويۇش، ناچارلىرىنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش بۇ پادىشانىڭ ئىشى. بىز تۇۋەندىكىلەر پەقەت قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلساقلا بولىدى. نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى يىغىپ - توپلاپ يۈرەمىز؟" دىگەن. قىران چەۋەنداز سەنگۇن خوچۇيىڭنىڭ كوزقارىشىمۇ ۋېي چىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى، سەنگۇن بولغان ئادەم ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك دەيتتى.

قاسىم ئارشى تەرجىمىسى

---

① جېڭخې يىلنامىسى 征和 ( zhēnghé )

خەن پادىشاسى ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇن 89 — 92 - يىللار.

# ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىندېكس

## ئا


| | |
|---|---|
| ئارساك: 10، 12، 13، 15، 23، 25، 30، 32. | 安息 |
| ئارقىچى سەنگۈن: 58، 71. | 后将军 |
| ئانتىيوكىيە: 25. | 条枝 |
| ئالپ چەۋەنداز سەنگۈن: 49. | 骁骑将军 |
| ئالدىنچى سەنگۈن: 58، 70، 72، 83. | 前将军 |
| ئالچى تېغى: 63. | 焉支山 |
| ئامۇ دەريا: 10، 12، 14. | 妫水 |
| ئائورسى: 10، 12، 25. | 奄蔡 |


## ب


| | |
|---|---|
| با: 27. | 巴 |
| باتۇر: 11. | 冒顿 |
| باكتىريا، باغتار: 5، 6، 7، 10، 12، 14، 15، 17، 19، 20، 23، 26، 27، 44، 62. | 大夏 |
| باش لەشكەر بېشى: 77. | 大司马 |
| باش ۋەزىر: 77، 81. | 相国 |
| بايقال: 74. | 翰海 |
| بالقاش: 10. | 巴尔哈什 |
| بېيخې: 53. | 北河 |
| بېيدى: 64، 69، 75، 82، 86. | 北地 |
| بىلگە تورە، بىلگە خان: 18، 23، 24، 62، 64. | 贤王 |

| | |
|---|---|
| بۇ: 16. | 僰 |
| بۈگۈر: 37، 38، 43. | 仑头 |
| بەچەج: 73. | 北车耆 |
| بەي شىچاڭ: 26. | 柏始昌 |


## پ


| | |
|---|---|
| پاتىيا، پارفىيا: 12. | 安息・帕提亚 |
| پىيلى: 75، 85. | 邳离 |
| پىڭجۇ: 85. | 平州 |
| پىڭلىن: 52. | 平陵 |
| پىڭياڭ: 46، 47، 70، 80. | 平阳 |
| پۇدو: 67. | 仆多 |
| پۇنى، 53. | 蒲泥 |
| پەرغانە: 1، 4، 6، 9، 10، 12، 14، 15، 23، 24، 25، 29، 30، 31، 32، 33، 34، 35، 36، 37، 38، 39، 40، 41، 43. | 大宛 |


## ت


| | |
|---|---|
| تاجىك: 12، 13، 30. | 条支 |
| تاغ ــ دەريالار قامۇسى: 44. | 山海经 |
| تارىخنامە: 1. | 史记 |
| تاگىي: 3، 6. | 堂邑 |
| تايىن تورىسى: 68. | 漯阴侯 |

| | |
|---|---|
| 调虽 | تاۋۇس: 69. |
| 特勤 | تېكىن: 65، 66. |
| 祁连山 | تىلەنتاغ، تەڭرى تاغ: 18، 65، 78. |
| 九卿 | توققۇز ۋەزارەت: 23، 42. |
| 都尉 | تۇتۇقبەگ: 43، 56، 57، 62، 64، 65، 74، 75. |
| 质 | تۇرغاق: 41، 43. |
| 前行 | تۇرشاۋۇل: 66. |
| 屯头王 | تۇنتۇق خان: 74. |
| 神马、天马 | تۇلپار: 24. |
| 御史 | تەپتىش بەگ: 56. |
| 条支 | تەزىك: 12، 13، 30. |
| 大行 | تەشرىپاتچى: 23. |
| 单于 | تەڭرىقۇت: 3، 5، 9، 11، 19، 20، 21، 32، 58، 59، 61، 63، 65، 67، 70، 71، 72، 73، 80. |
| 单桓 | تەگىن: 65. |
| 太初 | تەيچۇ: 35. |
| 泰山 | تەيشەن: 79. |
| 太原 | تەييۈەن: 52، 84، 85. |
| tiān颜山 | تيەنيەن تېغى: 72. |


## ج


| | |
|---|---|
| 章渠 | جانقۇرت: 73. |
| 前靡 | جانىمر: 39. |
| 张骞 | جاڭ چيەن: 1، 2، 3، 4، 5، 6، 14، 16، 17، 18، 19، 21، 22، 23، 24، 25، 27، 44، 62، 64، 81. |
| 张次公 | جاڭ سىگوڭ: 52، 83. |
| 张掖 | جاڭيې: 37. |

| | |
|---|---|
| 赵不虞 | جاۋ بۇيۈي: 57. |
| 赵破奴 | جاۋ پونو: 29، 34، 36، 66، 76، 85، 86. |
| 赵弟 | جاۋ دى: 41. |
| 赵始成 | جاۋ شىچېڭ: 35، 36، 39، 41، 42. |
| 赵食其 | جاۋ شىچى: 70، 72، 83. |
| 赵信 | جاۋ شىن: 58، 70، 71، 72، 83. |
| 征和 | جېڭخې: 87. |
| 芨若 | جىرو: 61. |
| 金城 | جىنچېڭ: 19. |
| 稽且王 | جىكە خان: 66. |
| 景帝 | جىڭدى: 81، 83. |
| 浞野 | جويې: 29، 34، 36، 86. |
| 周霸 | جوۋبا: 59، 60. |
| 终利侯 | جۇڭلى تورىسى: 61. |
| 众利侯 | جۇڭلى تورىلىگى: 76. |
| 钧耆 | جۈنچى 65. |
| 君孺 | جۈنرۇ: 48. |
| 居延 | جۈيەن: 38، 65، 85. |
| 椅余山 | جۇ يۈيشەن: 75. |
| 江都 | جياڭدۇ: 29. |
| 建元 | جيەنيۈەن: 2، 47. |
| 酒泉 | جيۇ چۈەن: 24، 27، 29، 37، 38، 43، 85. |
| 南山 | جەنۇبىي تاغ: 5، 12، 19. |

چ

| | |
|---|---|
| 蝉封 | چاپىن: 43. |

双 چان (بەك): 74.
长平 چاڭپىڭ: 52.
常惠 چاڭخۇي: 76.
常乐侯 چاڭلې تورىسى: 69.
昌武侯 چاڭۋۇ تورىلىگى: 76.
长安 چاڭئەن: 8، 68، 78.
朝鲜 چاۋشيەن: 80، 84.
陈掌 چېن جاڭ: 48، 60.
沈黎 چېنلى: 26.
车令 چېلىڭ: 33.
校尉 چېرىكچى بەگ: 17، 35، 37، 40، 52، 57، 65، 66،
67، 76، 81، 82، 83، 84، 85.
禽黎 چىنلى: 69.
祁连山 چىلىيەنشەن: 11، 18، 65، 78.
长公主 چوڭ خانىكە: 46، 80.
大庶长 چوڭ تورە: 53، 80.
大尉 چوڭ چېرىكچى بەگ: 73.
大将军 چوڭ سەنگۈن: 17، 41، 55، 56، 57، 58، 59، 60،
61، 62، 67، 70، 71، 72، 73، 77،
80، 81، 82، 83، 84، 86، 87.
大当户 چوڭ ياساق بەگ: 69.
浚稽 چۈنجى: 86.
酋涂王 چۈتۇق خان: 65.
羌 چياڭلار: 5، 9، 12، 15، 80.
犍为 چيەنۋېي: 16.
邛 چيۇڭ: 14، 16.
骑将军 چەۋەنداز سەنگۈن: 49، 50، 54، 57، 82.
骑士 چەۋەنداز نەۋكەر: 47، 48.

# خ


驩潜，花拉子模，火寻 خارەزم: 30.

太后 خان گانا: 83.

韩王 خان قان: 74.

皇后 خانىش: 34، 47، 51، 60، 80.

公主 خانىكە: 47، 48، 80.

翁主 خانىكىچە: 21، 24، 29، 30.

郝贤 خاۋشيەن: 61.

河綦侯 خېچى تورىسى: 69.

河西 خېشى: 19.

于田 خوتەن: 7، 23.

霍仲孺 خو چۈيبىڭ: 45، 60، 61، 62، 64، 65، 66، 67، 68، 69، 70، 73، 75، 77، 78، 79، 85، 86، 87.

霍去病 خو جۇڭرۇ: 60.

霍光 خو گۇاڭ: 78.

壶充国 خۇ چۇڭگو: 40.

辉渠 خۇيچۈي: 67.

狐奴 خۇنۇ: 63.

辉渠侯 خۇيچۈي تورىسى: 67، 68.

汉中 خەنجۇڭ: 2.

汉书 خەننامە: 45.

汉朝 خەن سۇلالىسى: 3، 4، 6، 9، 15، 16، 17، 19، 20، 21، 22، 23، 24، 25، 27، 29، 30، 31، 32، 33، 36، 37، 41، 43، 55، 59، 67، 80، 83، 85، 86.

韩说 خەنيۈي: 56، 81.

海西 خەيشى: 42.

## غ


| | |
|---|---|
| 西南夷 | غەربىي جەنۇبتىكى يات مىللەتلەر: 25. |
| 西王母 | غەربىي خان ئانا: 13. |
| 西海 | غەربىي دېڭىز: 13. |
| 西海 | غەربىي كۆل: 7. |
| 西域 | غەربىي ئەل: 23، 28، 33، 69. |
| 小府 | غەزنە بەگ: 42. |


## ف


| | |
|---|---|
| 发干 | فاگەن: 56، 79. |
| 复陆支 | فۇرۇز: 76. |
| 符离 | فۇرى: 75. |


## ق


| | |
|---|---|
| 昆仑 | قارا قورۇم: 5، 31، 44. |
| 瑶池 | قاشتاشكۆل: 44. |
| 玉门 | قاشتۇۋۇق: 29، 36، 41. |
| 骠骑将军 | قىران چەۋەنداز سەنگۈن: 18، 63، 65، 66، 67، 69، 70، 73، 75، 76، 77، 82، 85، 86، 87. |
| 票姚校尉 | قىران چىرىكچى بەگ: 60، 61. |
| 呼毒尼 | قۇدۇن خان: 68. |
| 姑师 | قوس: 8، 28، 29، 30. |
| 关内侯 | قوۋۇق ئىچى تۆرىسى: 50، 57، 61، 76، 84. |
| 呼于耆王 | قويۇنچ خان: 66. |
| 浑邪王 | قۇنشار خان: 19، 20، 21، 63، 67، 68، 69، 85. |
| 幕 | قۇملۇق: 19، 70، 71، 72، 73. |

烈侯 قەھرىمان تۆرە: 79.

楼船将军 قەۋەتلىك كېمە سەنگۈنى: 84.

ھ

车骑将军 ھارۋا - ئاتلىقلار سەنگۈنى: 48، 52، 54.

奉车都尉 ھارۋىلىقلار تۇتۇغى: 79.

身毒 ھىندىستان: 14، 15، 23، 25.

匈奴 ھۇن: 2، 3، 4، 5، 6، 8، 9، 10، 11، 15، 17، 18، 19، 20، 21، 22، 24، 28، 29، 30، 32، 36، 48، 50، 51، 52، 53، 54، 55، 56، 57، 58، 59، 61، 62، 64، 65، 66، 67، 69، 70، 71، 72، 73، 75، 78، 80، 82، 83، 85، 86.

匈河 ھۇن دەرياسى: 29.

拔胡将军 ھۇنلارنى يوقىتىش سەنگۈنى: 84.

詹事 ھەرەم ئاغىسى: 60.

搜粟都尉 ھەربىي تەمىنات تۇتۇقبېگى: 40.

军正 ھەربىي ھەكەم، ھەربىي يارغۇچى: 35، 41، 42، 59.

游击将军 ھەرىكەتچان قوشۇنلار سەنگۈنى: 54.

归义侯 ھەقىقەتكە ئۆتكەن تۆرە: 75.

合骑侯 ھەمدەملەشكۈچى تۆرە، ھەمدەم تۆرە: 56، 58، 64، 65، 67، 82.

正 ھەكەم، يارغۇچى: 41، 59.

د

大禄 دارو: 22.

太官 داستۇرخان بېگى: 78.

光禄大夫 دانىشبەگ: 42.

邓 دېڭ: 55.

| | |
|---|---|
| دېڭگۇاڭ: 37. | 邓光 |
| دى: 16. | 氐 |
| دىڭشياڭ: 54، 58، 70، 82، 84. | 定襄 |
| دىڭنۇي: 83. | 祋祤 |
| دورغاپ: 59، 72. | 长史 |
| دوۋرۇيى: 57. | 豆如意 |
| دۇ بەگلىگى: 76. | 杜侯 |
| دۇخان: 11، 35، 36، 37، 38، 40، 43. | 敦煌 |
| دۇڭخەي: 62. | 东海 |
| دىيەنيۋې: 17. | 滇越 |
| دەندان - تۇيلىك: 7، 23، 30. | 扜tián—扜弥 |
| دەيجۈن: 49، 51، 53، 54، 57، 70، 73، 81، 82. | 代郡 |


## ر


| | |
|---|---|
| رىم: 12، 25، 30. | 犁轩 |
| روجان خان: 75. | 楼剸王 |
| روران: 8، 28، 29، 34، 86. | 楼兰 |
| روشات تەڭرىقۇت: 11. | 老上单于 |
| روشۈي: 13. | 弱水 |
| رۇتۇخان: 63. | 庐侯王 |
| روگىبى: 61. | 罗姑比 |
| رەنماڭ: 16. | 冉máng |

## ز

| | |
|---|---|
| زاڭكې: 26. | 牂柯 |
| زىفۇ: 47، 48. | 子夫 |
| زىلىن: 53. | zīlĭn |
| زىۋېي: 76. | 自为 |
| زو: 16. | 筰 |
| زەرگات: 33، 34. | 金马 |

## س

| | |
|---|---|
| سالنامە: 44. | 尚书 |
| سالغىچى: 38. | 执驱校尉 |
| ساۋشۇ: 46، 80. | 曹寿 |
| ساۋ شياڭ 70، 81. | 曹襄 |
| سېرىق دەريا: 8، 31، 44، 68، 69، 70، 80، 85. | 黄河 |
| سول بىلگە خان: 64. | 左贤王 |
| سول تورە: 65، 76. | 左庶长 |
| سول سەركەردە: 74. | 左大将 |
| سول سەنگۈن: 58، 70، 84. | 左将军 |
| سول ھۇدەيچى: 54، 58، 83. | 左内史 |
| سورۇنبەگ: 23، 54، 68، 81. | 大行 |
| سول قول خان: 5. | 左谷蠡王 |
| سۇپۇ: 63، 66. | 苏仆 |
| سۇ جيەن: 52، 54، 58، 59، 60، 61، 81، 87. | 苏建 |

سۇ قوشۇنلىرى سەنگۈنى: 85. 伏波将军
سۈن ۋۇ: 77. 孙吴
سۇيۇرغال: 43، 52، 53، 55، 57، 61، 62، 64، 65، 68، 75، 76، 79، 80، 85. 封地
سۈيچېڭ: 69، 76. 遂成
سەددىچىن: 9. 长城
سەردارتۆرە،سەردار بەگ: 61، 79. 冠军侯
سەركەردە: 59، 60، 67، 70، 83، 87. 大将
سەنگۈن: 18، 27، 55، 62، 65، 74، 81، 82، 83، 84، 85، 87. 将军
سەنجۈر: 22، 30. 岭娶
سەلتەنەت بەگ: 29،35. 浩侯

ش

شاڭجۈن: 54، 69. 上郡
شاڭداڭ: 42. 上党
شاڭگۇ: 49، 61. 上谷
شاڭگۇي: 41 上邽
شاڭگۇەنجې: 40، 41. 上官桀
شاۋئېر: 47، 48، 60 小儿
شى: 16. 徒
شى: 17 嶲
شىخې: 53، 76، 85. 西河
شىڭچېڭ: 75. 兴城
شيامو: 68. 下摩
شيايۇي تەزكىرىسى: 44. 禹本纪

朔方 شۇفاڭ: 52، 54، 80، 81، 84.

蜀 شۇ: 14، 15، 16، 25، 27.

休屠 شۇتۇق: 38، 64، 67.

匈河 شۇنخې: 86.

鹰击司马 شۇڭقار لەشكەر بېشى: 66.

折兰王 شەرەنقان: 63.

醴泉 شەرۋەت بۇلاق: 44.

## ن

副使 نائىب ئەلچى: 21، 23، 28.

宁乘 نىڭ چېن: 61، 62.

诗经 نەزمنامە: 52.

南jiáo نەنجياۋ: 57.

难侯 نەنخوۇ: 74.

中郎将 نەۋكەر بېشى: 21، 57.

## ك

北海 كاسپى: 10.

康居 كانگا: 5، 6، 7، 9، 10، 15، 23، 39، 41.

史国（苏薤） كېش: 30.

太中大夫 كېڭەشبەگ: 6، 48، 49، 84.

扜tiān كېما: 23.

兰市城 كوكبالىق: 14.

昆莫 كۈنبەك: 19، 20، 21، 22، 30.

昆明 كۈنمىڭ: 16، 17، 26، 27، 84.

## گ


甘父 گانفۇ: 3، 6.
高不说 گاۋ بۇشى: 66، 67.
高阙 گاۋچۇې: 51، 53، 54.
皋兰 گاۋلەن: 63.
广武 گۇاڭۋۇ: 84.
关东 گۇەندۇڭ: 35.
郭昌 گوچاڭ: 27، 84.
郭城 گوچېڭ: 55.
公孙敖 گۇڭسۇن ئاۋ: 48، 49، 50، 56، 58، 64، 67، 81.
公孙贺 گۇڭسۇن خې: 48، 49، 50، 54، 57، 58، 70، 81.
公孙或奴 گۇڭسۇن رۇڭنۇ: 57.
弓卢水 گۇڭلۇ دەرياسى: 74.
姑衍 گۇيەن: 76.


## ئې


贰师城 ئېرشى شەھرى: 33، 34، 40.
贰师将军 ئېرشى سەنگۇن: 35، 36، 38، 39، 41.


## ئى


伊郎xuān ئىزگۇ خان: 75، 76.
郎中令 ئىشىك ئاغاسى: 58.
因淳王 ئىنانچ خان: 75.

## ي


翕侯 يابغۇ: 58، 59، 61، 70.

裨王 ياردەمچى (پاسوت) خان: 68.

裨将 ياردەمچى سەنگۈن: 73، 81.

下史 يارغۇچى: 82.

当户 ياساقبەگ: 61، 65، 74.

期门 ياساۋۇل: 48، 60، 84.

卫尉 ياساۋۇلبەگ: 2، 3، 18، 49، 50، 54، 58، 78، 85.

雁病 يانبەگ: 68.

月氏 ياۋچى: 2، 3، 4، 5، 10، 11، 12، 24، 32.

姚定汉 ياۋ دىڭخەن: 34.

益州 يىجوۋ: 26.

义渠 يىچۈي: 81.

宜春侯 يىچۈن تورىسى: 56، 79.

轻骑校尉 يېنىك چەۋەنداز چېرىكچى بەگ: 55، 71.

轻骑将军 يېنىك ئاتلىقلار سەنگۈنى: 49، 54، 57.

阳安 يىڭەن: 56.

年号 يىلنامە: 2.

义阳 يىياڭ: 75.

使道军 يولباشلىغۇچى 35، 62.

越 يۈې: 4، 25، 80.

越嶲 يۈېشى: 26.

右北平 يوۋ بېيپىڭ: 18، 55، 64، 70، 73، 75، 85.

云中 يۈنجۇڭ: 49، 51، 76، 82، 84.

郁郅 يۈيجى: 81.

玉门 يۇيمېن : 36.
余吾 يۇيۇ : 82.
鱼阳 يۈياڭ : 76.
元封 يۈەنفېڭ : 79، 84.
元朔 يۈەنشو : 18، 50، 54، 62، 83.
元狩 يۈەنشۇ : 70، 78.
元光 يۈەنگۇاڭ : 48.
焉支山 يەنجۈ شەن (ئالچى) : 63.
雁门 يەنمېن : 50، 51، 53.


## ل


狼居胥山 لاڭجۈيشۈي تېغى : 74.
乐安侯 لېئەن تورىسى : 57.
李沮 لى جۈي : 54، 57، 58، 82.
李哆 لى دو : 35، 36، 39، 41، 42.
李蔡 لى سەي : 54، 57، 81.
李息 لى شى : 51، 55، 57، 68، 81.
李朔 لى شو : 57.
李敢 لى گەن : 73، 76.
李广 لى گۇاڭ : 18، 49، 50، 58، 64، 70، 72، 81.
李广利 لى گۇاڭلى : 34، 35، 42.
令居 لېڭجۈي : 24.
盐泽 لوپنور : 7، 8، 19، 35، 43.
路博德 لۇبۇدې : 75، 85.
楼烦 لۇفەن : 51.
鲧得 لۇدې : 65.
陇城 لوڭچېڭ : 50.

陇西 لوڭشى: 3، 51، 63، 69.

lóng 頟 لوڭگې: 57.

吕越人 لۈي يۈيېرىن: 26.


## م


māng ماڭ: 16.

马邑 مايى: 81.

茂陵 ماۋلىن: 78.

孟己 مېڭ يى: 61.

太仆 مىراخور: 48، 54، 58، 70.

御史 مۇپەتتىش: 48.

护军 مۇھاپىزەتچى قوشۇن: 83.

护军都尉 مۇھاپىزەتچى قوشۇن تۇتۇقبېگى: 56.

冒顿 مودۇ: 11.

鸿胪 مۇراسىمبەگ: 40.

议郎 مۇستەشار: 59.

特将 مۇستەقىل سەركەردە: 81.

郎事 مۇلازىم: 47، 82.

贰师城 مەرخەممەت: 33، 34، 40.

昧蔡 مەساي: 40، 43.

材官将军 مەشقاۋۇل سەنگۇن: 81.


## ۋ


王恢 ۋاڭ خۇي: 28، 29، 35.

王申生 ۋاڭ شېنشېڭ: 40.

卫不疑 ۋېي بۇيى: 79.
卫青 ۋېي چىڭ: 17، 45، 47، 48، 50، 51، 52، 53، 54،
55، 56، 58، 59، 60، 61، 62، 67، 70، 71،
72، 73، 76، 77، 79، 80، 82، 83، 84، 86.
魏其 ۋېي چى: 87.
魏其 ۋېي دىڭ: 79.
卫山 ۋېي شەن: 75.
ۋېي كاڭ: 56، 78، 80.
ۋېي گۇاڭ: 27.
汶山 ۋېنشەن: 26.
吴起 ۋۇ چى: 77.
武帝 ۋۇ دى: 19، 21، 24، 26، 36، 46، 47، 48، 62،68،
70، 78، 81، 82، 83.
乌[illegible] ۋۇ لى: 63.
武安 ۋۇ ئەن: 87.
绾 ۋەن: 57.


## ئو


中将军 ئوتتۇرىچى سەنگۈن: 58، 82.
强弩将军 ئوقيالىق سەنگۈن: 54، 58، 83.
强弩都尉 ئوقيالىقلار تۇتۇقبېگى: 85.

右贤王 ئوڭ بىلگە خان: 55، 57.
右谷蠡王 ئوڭ قول خان: 73.
右将军 ئوڭ سەنگۈن: 58، 70، 72، 84.
右千骑将 ئوڭ مىڭ چەۋەندازلار سەركەردىسى: 66.

## ئۈ

| | |
|---|---|
| 于阗 | ئۈدۇن: 7، 23، 31. |
| 郁成 | ئۆزكەنت: 34، 36، 38، 40، 41. |
| 主爵 | ئۈنتۇانبەگ: 70. |
| 毋寡 | ئۈكە (ئۈجيە): 39، 43. |
| 乌孙 | ئۈيسۇنلار: 7، 9، 19، 20، 21، 22، 23، 24، 29، 30، 32، 37، 41. |

## ئە

| | |
|---|---|
| 奉使君 | ئەلچى بەگ: 6. |
| 景桓侯 | ئەل ئالمىش تورە: 79. |
| 安头 | ئەنتۇز: 52، 55، 83. |
| 安稽 | ئەنجى: 76. |
| 安国 | ئەنگۇر: 86. |
| 身毒 | ئەنەنكەك: 14. |
| 纵票侯 | ئەگەشكۈچى تورە، ئەگەشبەگ: 29، 66، 76، 86. |

# كارتلار

## 1. شەخس ئىسىملىرى

汉武帝 ( hànwǔdì )

**خەنۋۇدى**

